قۇربان ۋەلى

# قىزىل مىڭئۆي رەسساملىرى ھېكايىسى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مامۇت سابىت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئۈرۈمچى 1985 - يىل

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، پىلانلاش، نەشر قىلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي كۆزدىن كەچۈرگەن.

# قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى

تۈزگۈچى: قۇربان ۋەلى

مەسئۇل مۇھەررىرى: داۋۇت سابىت

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا № 306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 4.375 قىستۇرما ۋارىقى: 24
1986 - يىل 4 - ئاي 1 - نەشرى
1987 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M11098·163
تىراژى: 1—1,500
باھاسى: 2.15 يۈەن



1 قىزىل مىڭئۆي بۇددىزىم غارلىرى ۋە ئۇنى
مۇھاپىزەت قىلىش پونكىتىنىڭ سىرتقى كۆرۈنىشى



1 3 بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى چۆچەكلەر
(رەسىم ئورنى: 14 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)

www.uyghurkitap.com



4 بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى چۆچەكلەر
(رەسىم ئورنى: 17 - غار، سول تەرەپتىكى تامدا)



5 بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى چۆچەكلەر
(رەسىم ئورنى: 17 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)





6 تەڭرىلەر، راھىپلار (رەسىم ئورنى: 17 - غار، تورۇستا)



7 ساكيا مۇنىنىڭ بۇددىزىم تەرغىباتى ۋە غار
بېزەكلىرى (رەسىم ئورنى: 17 - غار، سول تەرەپتىكى تامدا)



8 بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى چۆچەكلەر،
راھىپلار، بۇددالارنىڭ يارالمىش سەۋەپلىرى ۋە
مەنزىرىلەر (رەسىم ئورنى 118 - غار، تورۇستا)



9 بۇددىزىم تەرغىباتى (رەسىم ئورنى: 17 - غار، ئىشىك بېشىدا)



10 بۇددالارنىڭ يارالمىش سەۋەپلىرى (رەسىم ئورنى:
175 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)



12 ساكيامۇنىنىڭ بالىلىق دەۋرى (رەسىم
ئورنى: يېڭى 1 - غاردا)



13 ساكيامۇنى ئې-
تىزدا ئىشلەۋاتقان
دېھقانلارنى «ئازاپ-
ئوقۇبەت چېكىۋاتى-
دۇ» دەپئويلىغان
(175-غار، ئوڭ تە-
رەپتىكى كارىدوردا)



14 ساكيامۇنى ئې-
تىزدا قوش تارتى-
ۋاتقان ئۆيلارنى
«هايۋاناتلار ئازاپ-
ئوقۇبەت چېكىۋاتى-
دۇ» دەپ ئويلىغان
(175- غار ئوڭ تە-
رەپتىكى كارىدوردا)



15 ساكيامۇنغا يې-
پىشقان سەتەڭلەر
«ئالۋاستى» غا ئاي-
لانغان (110 - غار،
ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)



16 ئاسماندىن 4
غۇلام چۈشۈپ،
ساكيامۇنىنى سېپىل-
دىن ئۆتكۈزۈپ قوي-
غان (110-غاردا)





17 سىرامان بۇددا
(يېڭى 1 - غاردا)



18 ساكيامۇنى ياخ-
شى تەكلىپلەرگە ئې-
گە بولغاندىمۇ، سىرا-
مانلىقتىن ۋاز كەچ-
مىگەن (250 - غار،
تورۇستا)



19 ساكيامۇنى ئۆزىگە 5 شاگىرت ئەگەشتۈرگەن (رەسىم
ئورنى: 110 - غار، ئىشىك بېشىدا)



22 گانتارۋا (رەسم ئورنى: يېڭى 1 - غار، ئارقا كارىدور، تورۇستا)



23 هارۋىلىق تەڭرى (رەسم ئورنى: 163 - غار، تورۇستا)



24 كۈن تەڭرىسى (رەسم ئورنى: (يېڭى 1 - غاردا)





25 ئاي تەڭرىسى (رەسم ئورنى: يېڭى 1 - غاردا)



26 دۇلدۇللۇق تەڭرى (رەسم ئورنى: 17 - غار، تورۇستا)



27 مىڭ بۇددا ۋە بۇددالارنىڭ يارالمىش سەۋەپلىرى (رەسم ئورنى: 38 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)



28 مىڭ بۇددا ۋە بۇددالارنىڭ يارالمىش سە-
ۋەپلىرى (38 - غار، سول تەرەپتىكى تامدا)



29 تەڭرىلەر، مىڭ بۇددا، راھىپلار (رەسم ئورنى:
8 - غار، تورۇستا)





30 تەڭرىلەر، بۇددالارنىڭ يارالمىش چۆچەكلىرى ۋە را-
ھىپلار (رەسم ئورنى: 38 - غار، تورۇستا)



31 تەڭرىلەر، مىڭ بۇددا ۋە راھىپلار (رەسم
ئورنى: 8 - غار، ئوڭ تەرەپتە)



32 مىڭ بۇددا، تەڭرىلەر (رەسىم ئورنى: 8 - غار،
سول تەرەپتىكى تامدا)



33 مىڭ بۇددا ۋە بۇددالارنىڭ يارالمىش سەۋەپ-
لىرى (رەسىم ئورنى: 163 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)





34 مىڭ بۇددا ۋە بۇددالارنىڭ يارالمىش سەۋەپ-
لىرى (رەسىم ئورنى: 205 - غار، تورۇستا)



37 ساكيامۇنىنىڭ شا-
رىراسى قاچىلانغان
كومزەكلەر (رەسىم
ئورنى: 17 - غار،
ئوڭ تەرەپتىكى
كارىدوردا)



38 ساكيامۇنىنىڭ شا-
رىراسىنى تەڭرى خان-
لىرى بېشىغا ئېلىپ
ئەرشكە ئېلىپ چىقىپ
كەتكەن (رەسىم ئور-
نى: 163 - غاردا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



39 تورنىلار ساكيامۇنىنىڭ نىرۋانىغا بارغانلىقىنى پۈتۈن ئالەمگە خەۋەر قىلغان (رەسىم ئورنى: يېڭى 1 - غار، ئارقا كاردوردا)



40 تەڭرى باتۇرى ساكيامۇنىنىڭ نىرۋانىغا بارغانلىق خەۋىرنى ئاڭلاپ قولىدىكى ئۇمۇتىنى تاشلاپ خىيالغا چۆمگەن (رەسىم ئورنى :يېڭى 1 - غار، ئارقا كاردوردا)



43 مايترېيا بۇددانىڭ ئەرشتە تۇغۇلغانلىغىغا زىمىندە تەنتەنە (رەسىم ئورنى 38 - غار، ئىشىك بېشىدا)



44





51 راھىپلار گۇرۇھى (رەسىم ئورنى: 175 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى كاردوردا)



52 قەلەندەر راھىپ (رەسىم ئورنى: 118 - غار، تورۇستا)



53 يەرلىك ساخاۋەتچىلەر (رەسىم ئورنى: يېڭى 1 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)



54 ئىبادەت قىلىپ كەلگۈچى يەرلىك پۇخرا (رەسىم ئورنى: 114 - غار، سول تەرەپتىكى تامدا)



60 چۆچەك «خا
نىڭ كەپتەرنى قۇ
قۇزۇپ، لاچىن
بەدىنىدىن گۆش
كېسىپ بېرىشى
(38 - غار، ئو
تەرەپتە)



61 چۆچەك مەز-
مۇنى 60- رەسىم-
دىكى بىلەن ئوخ-
شاش (17 - غار،
سول تەرەپتە)





62 چۆچەك «سودىگەرلەرنىڭ ئەجدىھادىن قۇتۇلۇشى» دىن بىر كۆرۈنۈش (17 - غار، سول تەرەپتە)



64 چۆچەك «خانلىق لەھەڭ بېلىققا ئايلىنىپ بۇخرالارنىڭ كېسەلگە داۋا بولۇشى» دىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 17 - غار، ئوتتۇرىدا)

www.uyghurkitap.com



65 چۆچەك «ئىككى باشلىق قۇش» تىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 8 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)



66 چۆچەك مەزمۇنى 65 - رەسىمدىكى بىلەن ئوخشاش (38 - غار، تورۇستا)



68 چۆچەك «ۋاپادار مايمۇننىڭ ئۆلتۈرۈلىشى» دىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 17 - غار، سول تەرەپتىكى تامدا)





69 چۆچەك «بىلىنلىك ئۆز گۆشىنى تەقدىم قىلىشى» دىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 17 - غار، سول تەرەپتىكى تامدا)



70 چۆچەك مەزمۇنى 69 - رەسىمدىكى بىلەن ئوخشاش (رەسىم ئورنى: 8 - غار، سول تەرەپتىكى تامدا)



71 چۆچەك «مايمۇن پادىشاسىنىڭ كۆۋرۈك سېلىشى» دىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 17 - غار، تورۇستا)



72 چۆچەك مەزمۇنى 71 - رەسىمدىكى بىلەن ئوخشاش (38 - غار، ئۇلاڭ تەرەپتىكى تامدا)





73 چۆچەك «خانىنىڭ ئۆز بېشىنى سەدىقە قىلغان- لىقى» دىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 17 - غار، سول تەرەپتىكى تامدا)



74 چۆچەك مەزمۇنى 73 - رەسىمدىكى بىلەن ئوخشاش (رەسىم ئورنى: 8 - غار، سول تەرەپتىكى تامدا)

ئۇيغۇر كىتاب ئورنى www.uyghurkitap.com



75 چۆچەك «ماھاساتۋىنىڭ يولۋاسقا يەم بولىشى» دىن بىر كۆرۈنىش (رەسىم ئورنى: 38 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)



76 چۆچەك مەزمۇنى 75 - رەسىمدىكى بىلەن ئوخشاش (رەسىم ئورنى: 8 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)





77 چۆچەك مەزمۇنى 75 - رەسىمدىكى بىلەن ئوخشاش (رەسىم ئورنى: 17 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)



78 چۆچەك «كەپتەرنىڭ مېھمان كۈتىشى» دىن بىر كۆرۈنىش (رەسىم ئورنى: 17 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)



79 چۈچەك «خاننىڭ ئۆز قولىنى مەشئەل قىلغانلىقى» دىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 17 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)



80 چۈچەك «خاننىڭ ئۆز قولىنى مەشئەل قىلغانلىقى» دىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئور- نى: 8 - غار، سول تەرەپتىكى تامدا)





81 چۈچەك «ۋاپاسىز سودىگەرنىڭ تاشپاقە- نى ئۆلتۈرۈشى» دىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 17 - غار، سول تەرەپتىكى تامدا)



83 چۈچەك «ئوتۇنچىنىڭ ئېيىقنى ئوۋچىغا كۆرسىتىپ قويغانلىقى» دىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى 17 - غار، سول تەرەپتىكى تامدا)



84 چۈچەك مەزمۇنى 83 - رەسىمدىكى بىلەن ئوخشاش (رەسىم ئورنى: 17 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)



85 چۈچەك «تۇلپارنىڭ سودىگەرلەرنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈشى» دىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 14 - غار، سول تەرەپتىكى تامدا)





87 چۈچەك «مارال پادىشاسىنىڭ خان ئوردىسىغا بېرىشى» دىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 38 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)



88 چۈچەك «ئالتۇن كىيىكنىڭ تېرە تەقدىم قىلىشى» دىن بىر كۆرۈنۈش (38 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)



89 چۆچەك «تۇشقاننىڭ ئۆزىنى كا-
ۋاپ قىلىشى» دىن بىر كۆرۈنۈش (رە-
سىم ئورنى: 14 - غار، سول تەرەپتىكى
تامدا)



90 چۆچەك مەزمۇنى٠ 89 - رەسىمدى-
كى بىلەن ئوخشاش (رەسىم ئورنى:
8 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)





91 چۆچەك «شىرنىڭ مايمۇنغا ياردەم بېرىشى» دىن
بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 38 - غار، ئوڭ
تەرەپتىكى تامدا)



92 چۆچەك مەزمۇنى 91 - رە-
سىمدىكى بىلەن ئوخشاش (رە-
سىم ئورنى: 17 - غار، تورۇۋستا)



93 چۆچەك «پىلنىڭ ئۆز چىشىنى تەقدىم قىلىشى» دىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 17 - غار، ئۇلۇغ تەرەپتىكى تامدا)



94 چۆچەك مەزمۇنى 93 - رەسىم بىلەن ئوخشاش (رەسىم ئورنى: 14 - غار، ئۇلۇغ تەرەپتىكى تامدا)





100 چۆچەك «دىدەك بىلەن قوشقارنىڭ جەدەللى» دىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئور- نى: 17 - غار، تورۇۋستا)



105 چۆچەك «ئارزۇلۇق گۆھەر» دىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 38 - غار، ئۇلۇغ تە- رەپتىكى تامدا)



106 چۆچەك «نىلوپەر خېنىم» دىن
بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 224 -
غاردا)



107 چۆچەك «يىد-
لان پادىشاسىنىڭ
تېرە تەقدىم قىلى-
شى» دىن بىر كۆ-
رۈنۈش (17 - غار،
سول تەرەپتىكى
تامدا)



108 چۆچەك مەزمۇنى
107 - رەسىمدىكى بى-
لەن ئوخشاش (رە-
سىم ئورنى: 17 - غار،
سول تەرەپتىكى تامدا)





110 چۆچەك «قوچاق ئويۇنى» دىن
بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 175 -
غار، ئوڭ تەرەپتىكى كاردوردا)



113 چۆچەك «پىل كۆندۈرۈش» دىن
بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى 14 - غار،
سول تەرەپتىكى تامدا)



114 چۆچەك مەزمۇنى 113-رەسىمدىكى بىلەن ئوخشاش (رەسىم ئورنى: 38 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)



115 چۆچەك «چىپار بۇغا» دىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 17 - غار، تورۇستا)





116 چۆچەك «مايمۇنلارنىڭ خانغا ياردەم- لەشىپ خانىشنى ئىزدىشى» دىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 17 - غار، سول تەرەپتىكى تامدا)



117 چۆچەك «دېڭىزنىڭ سۈيىنى چە- ئىرىپ تاشلاپ گۆھەر سوزۇش» دىن بىر كۆرۈنۈش (14-غار، سول تەرەپتىكى تامدا)



118 چۆچەك «سېرىقى شاھزادە» دىن بىر
كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 17 - غار، سول
تەرەپتىكى تامدا)



119 چۆچەك مەزمۇنى 118 - رەسىم-
دىكى بىلەن ئوخشاش (رەسىم ئورنى:
17 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامدا)





120 چۆچەك مەزمۇنى 118 -
رەسىمدىكى بىلەن ئوخشاش (ر-
ەسىم ئورنى: 8 - غار، سول تەر-
ەپتىكى تامدا)



121 چۆچەك مەزمۇنى
118 - رەسىمدىكى بىلەن
ئوخشاش (رەسىم ئورنى:
8 - غار، سول تەرەپتىكى
تامدا)



122 چۆچەك مەزمۇنى
118 - رەسىمدىكى بىلەن
ئوخشاش (رەسىم ئورنى:
8 - غار. ئوڭ تەرەپتىكى
تامدا)



126 چۆچەك «دېڭىزغا بېرىپ گۆھەر ئىزدەش» تىن بىر كۆرۈنۈش (14 - غار، ئوڭ تەرەپتە)



127 چۆچەك «جەڭگىۋار ئات بىلەن تۆگە- مەن جۈرۈش» دىن بىر كۆرۈنۈش (رەسىم ئورنى: 17 - غار، سول تەرەپتىكى تامدا)





128 207 - غار، تورۇستىكى بېزەك



129 - 38 غار، سول تەرەپتىكى كا- رىدور بېزەكلىرى



130 17 - غار، سول تەرەپتىكى كارىدور بېزەك- لىرى



131 17 - غار، ئارقا كارىدور بې- زەكلىرى



132 67 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامنىڭ بېزەكلىرى



133 17 - غار، سول تەرەپتىكى كېمەرنىڭ بېزەكلىرى





134 224 - غار، ئۇدۇل
دىكى ئويۇقنىڭ بېزەكلىرى



135 - 67 - غار، تورۇس-
نىڭ بېزەكلىرى



136 224 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى كارىدورنىڭ بېزەكلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



137 224- غار، سول تەرەپ-
تىكى كارىدورنىڭ بېزەكلىرى



138 116- غار، سول تەرەپ-
تىكى تامنىڭ بېزەكلىرى



139 205 - غار، ئارقا كار-
دورنىڭ بېزەكلىرى



140 207 - غار، ئوڭ تە-
رەپتىكى تامنىڭ بېزەكلىرى



141 116 - غار، ئوڭ تە-
رەپتىكى تامنىڭ بېزەكلىرى





142 163 - غار، سول تە-
رەپتىكى تامنىڭ بېزەكلىرى



143 205 - غار، ئوڭ تەرەپ-
تىكى تامنىڭ بېزەكلىرى



144 8 - غار، ئوڭ تەرەپتىكى تامنىڭ بېزەكلىرى



152   118 ـ غاردىكى يىزەكلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................ 1
ساكيامۇنى ۋە بۇددىزىم تەرغىباتى........... 13
تەڭرىلەر...................................... 20
مىڭ بۇددا..................................... 23
نىرۋانا .......................................... 25
مايترىيا بۇددا................................. 29
بۇدساتىۋا — ھاكىملار ....................... 32
دوزاق ۋە ئالۋاستىلار ....................... 35
راھىپ، ساخاۋەتچى، ئىبادەت قىلغۇچىلار ......... 38
بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى چۆچەكلەر......... 43
1. خاننىڭ كەپتەرنى قۇتقۇزۇپ، لاچىنغا ئۆز بەدىنىدىن گۆش كېسىپ بېرىشى............ 46
2. سودىگەرلەرنىڭ ئەژدىھادىن قۇتۇلۇشى............ 48
3. خاننىڭ لەھەڭ بېلىقا ئايلىنىپ پۇقرالارنىڭ كېسەلگە داۋا بولۇشى ........................ 49
4. ئىككى باشلىق قۇش............................ 51
5. ۋاپادار مايمۇننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى.................. 52
6. پىلنىڭ ئۆز گۆشىنى تەقدىم قىلىشى............ 54
7. مايمۇن پادىشاسىنىڭ كۆۋرۈك سېلىشى............ 55
8. خاننىڭ ئۆز بېشىنىمۇ سەدىقە قىلىشى............ 57
9. ماھاساتۋىنىڭ يولۋاسقا يەم بولۇشى............ 59
10. كەپتەرنىڭ مېھمان كۈتۈشى.................. 60

11. خاننىڭ ئۆز قولىنى مەشئەل قىلىشى.............. 61
12. ۋاپاسىز سودىگەرنىڭ تاشپاقىنى ئۆلتۈرۈشى...... 61
13. ئوتۇنچىنىڭ ئېيىقنى ئوۋچىغا كۆرسىتىپ قويۇشى... 63
14. تۇلپارنىڭ سودىگەرلەرنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈشى... 64
15. مارال پادىشاسىنىڭ خان ئوردىسىغا بېرىشى...... 67
16. «ئالتۇن كېيىك» نىڭ تېرە تەقدىم قىلىشى...... 69
17. توشقاننىڭ ئۆزىنى كاۋاپ قىلىشى.............. 70
18. شىرنىڭ مايمۇنغا ياردەم بېرىشى.............. 71
19. پىلنىڭ ئۆز چىشىنى تەقدىم قىلىشى............ 73
20. ئاپەتنىڭ ئانىسى.............................. 75
21. ئادالەتپەرۋەر تۇرنا .......................... 77
22. دىدەك بىلەن قوشقارنىڭ جېدىلى.............. 82
23. تۇتىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈشى........................ 84
24. ئارزۇلۇق گۆھەر.............................. 86
25. نىلۇپەر خېنىم ................................ 89
26. يىلان پادىشاسىنىڭ تېرە تەقدىم قىلىشى......... 91
27. ئوتۇنچىنىڭ ئېيىقنى يولۋاسقا تۇتۇپ بېرىشى...... 92
28. قوچاق ئويۇنى ................................ 94
29. «سۇداتتا ۋەزىرنىڭ راھىپلارغا ساراي سالدۇرۇپ
بېرىشى» دىن بىر كۆرۈنۈش...................... 96
30. رەسسام...................................... 98
31. پىل كۆندۈرۈش ................................ 100
32. چىپار بوغا.................................... 101
33. مايمۇنلارنىڭ خانغا ياردەملىشىپ خانىشنى ئىز-
دىشى ......................................... 103
34. دېڭىزنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ تاشلاپ گۆھەر سۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

زۇش.................................................. 105
35. سېخى شاھزادە...................................... 107
36. خاننىڭ دەۋا سورىشى................................ 109
37. دېڭىزغا كىرىپ گۆھەر ئىزدەش ....................... 117
38. جەڭگىۋار ئات بىلەن توگمەن چۆرۈش ...... 118
بۇددىزىم ئىمارەتچىلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى بېزەكلەر... 120
خاتىمە ............................................... 125

# مۇقەددىمە

«مىڭئۆي» دىگەن سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇددا راھىپلىرى غارلىرى ياكى بۇددىزىم ئىبادەتخانىلىرى دىگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ. بۇ سۆز قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا «ساڭرام» (بۇ ئەسلىدە سانسكرىت تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئۇ راھىپلار جەم بولىدىغان ئورۇن دىگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ كىتاپتا تونۇشتۇرۇلغان «قىزىل مىڭئۆي» بۇرۇن ئۇيغۇرلاردا بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغان دەۋرلەردىكى مەشھۇر بۇددا ساڭراملىرىنىڭ بىرى ئىدى. ھازىر بۇ قىزىل مىڭئۆينىڭ تاملىرىدا ئەينى زامانلاردا سىزىلغان رەسىملەر يەنى بۇددىزىم گۈزەل سەنئىتى ئەسەرلىرى ساقلىنىپ تۇرماقتا. بۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك تارىخىي مەدىنى يادىكارلىقلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

بۇددا دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارالغاندىن كېيىن بۇددىزىم سەنئىتى (ئەدىبىيات بىلەن گۈزەل سەنئەت بىرلەشتۈرۈلگەن تەرغىبات شەكلى) ۋاستىسى ئارقىلىق يىلتىز تارتقان. بۇ جەرياندا ئەسلىدىكى بۇددىزىم سەنئىتى ئۇيغۇر ئەدىپلىرى، رەسساملىرى تەرىپىدىن راۋاجلاندۇرۇلۇپ ئۇيغۇر بۇددىزىم سەنئىتى شەكلى تىكلەنگەن. كېيىن يەنى بۇددىزىم ئۇيغۇرلاردا ئېتىقاتتىن قالغاندىن كېيىن، بۇددىزىم سەنئىتىنىڭ ھىكايە مەزمۇنلىرى پۈتۈنلەي «قەدىمقى ئۇيغۇر رىۋايەتلىرى»گە ئايلاندى. بۇ رىۋايەتلەرنىڭ تۈرگۈنلىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەدرىجى ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەمدى بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق قەدىمقى دىنىي رىۋايەتلەرنى ئەسلەپ ئۆتۈش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش مىللىتىمىزنىڭ پۈتۈن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتىش ئۈچۈن پايدىلىق. قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپنى مۇشۇنداق بىر مەقسەت بىلەن تۈزۈپ چىقتىم ۋە بۇ ئارقىلىق قىزىل مىڭئۆيىنىڭ تاملىرىدا ساقلىنىپ قالغان قەدىمقى رەسىملەرنىڭ مەزمۇنىنى يەشتىم. يەشمىلەرنى تۈزۈپ چىقىشتا قەدىمقى بۇددىزىم كىتاپلىرىدىكى مەنبەلەردىن پايدىلاندىم. لېكىن سەۋىيەم چەكلىك بولغانلىقتىن ۋە بۇ كىتاپ مېنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىمنىڭ تۇنجى مېۋىسى بولغانلىقى ئۈچۈن بەزى خاتالىقلارغا يول قويغان بولۇشۇم مۇمكىن. بۇ ھەقتە كەڭ كىتاپخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىرلەرنى بېرىشىنى ۋە تېخىمۇ ئەتراپلىق، چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

× ×

تەڭرىتاغنىڭ قارلىق تاغ تىزمىلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن مۇزات دەرياسى بىلەن تېرىسىق تاغ تىزمىلىرىدىن ئېقىپ كەلگەن قىزىل دەرياسى ئاقسۇ ۋىلايىتى باي ناھىيىسىنىڭ جەنۇپ تەرىپىدە قوشۇلۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆگەن دەرياسى ھاسىل بولىدۇ. ئۇ چۆلتاغ جىرالىرىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ كۇچا بوستانلىقىغا قۇيۇلىدۇ. بۇ ۋادىدا يەنى چۆلتاغنىڭ شىمال تەرىپىدە دەريا بويىغا جايلاشقان بىر باغۇ-بوستانلىق پىنھان مۇجەسسەم بار. بۇ كىتاپتا تونۇشتۇرۇلغان قىزىل مىڭئۆي دەل مۇشۇ باغۇ-بوستانلىقنىڭ يېنىدا (رەڭلىك



1-رەسىمگە قاراڭ.) بۇ ئورۇن باي ناھىيىسىنىڭ شەرقىي جەنۇپ تەرىپىدە بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن 67 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي مېردىيانىنىڭ 82.5، شىمالىي پاراللېلنىڭ 41.7 سىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ




مىڭئۆيى «قىزىل» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يېزا تەۋەسىدە بولغاچقا، شۇڭا «قىزىل مىڭئۆيى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. لېكىن ئۇنىڭ قەدىمدە قانداق نام بىلەن ئاتىلىدىغانلىقى ھەققىدە مۇئەييەن يازما ئىسپات تېپىلمىدى. بىراق شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇ قەدىمقى كۈسەن (كۇچا) دۆلىتىنىڭ تەۋەسىدىكى چوڭ، بەلكى ئەڭ قەدىمىي ساڭرام ئىدى.

تارىخىي خاتىرىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2-ئەسىردە كۈسەن دۆلىتىدە 80 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بار ئىدى. بۇ ئەلنىڭ يۈگرەك ئاتلىرى، ئۈزۈمى، يۇڭ توقۇلمىلىرى، دورا-گىياھلىرى ۋە نازۇك

زىننەت بويۇملىرى خەلقئارادا ناھايىتى مەشھۇر ئىدى①. سەھنىلەردە ئوينىلىدىغان ناخشا-ئۇسۇل، دىراما قاتارلىق ھەرخىل ئەدەبىيات-سەنئەت نومۇرلىرىمۇ ناھايىتى مەشھۇر ئىدى. چوڭ-چوڭ بايرام ياكى يىغىلىش بولغان كۈنلەردە چېلىشىش قاتارلىق ئاممىۋى تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى②. شۇ زامانلاردا يېزىلغان تارىخىي ماتېرىياللاردا كۇسەن دۆلىتىدە بۇددا دىنىنىڭ بار-يوقلۇقى توغرىسىدا ئېنىق ئېيتىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن دۇنيادىكى بىرمۇنچە بۇددىزىم تەتقىقاتچىلىرى مىلادى 7-ئەسىردە يېزىلغان ساياھەت خاتىرىلىرى (مەسىلەن، شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمھالى قاتارلىق بۇددىزىم ۋەقەلىرى خاتىرىلەنگەن كىتابلار)دا بۇددا دىنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىردە ئالدى بىلەن شىنجاڭنىڭ خوتەن رايونىغا تارالغان دېيىلگەن مەلۇماتلارغا ئاساسەن «كۇسەن بۇددىزىمى» ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك ئىزلىنىش ئېلىپ باردى. نەتىجىدە ئۇلار، كۇسەن دۆلىتىدە مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1-ئەسىردىلا بۇددا دىنىنىڭ «سەرۋاستى ۋادىنا» (سانسكرىتچە مەنىسى ھەممىدە مەۋجۇت دىگۈچىلەر) تەلىماتى ئالللىقاچان ئەۋج ئالغان ئىدى، دەپ يەكۈن چىقاردى③. مەيلى بۇ يەكۈن توغرا بولسۇن ياكى توغرا بولمىسۇن، شۇنداق بىر ئۇقۇم دۇنياغا ئېنىقكى، بۇددا دىنىنىڭ كۇچاغا تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتى جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە تارقىلىپ كىرگەن ۋاقتى (يەنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6-يىلى)دىن ھەرگىز كېيىن ئەمەس. چۈنكى خەنزۇچە بۇددا (佛) دىگەن ئاتالغۇ دەسلەپتە بىۋاستە قەدىمقى ھىندىستان تىلىدىن ئەمەس، بەلكى بىۋاستە قەدىمقى كۇچا تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان④.



... خەنزۇ راھىپ شۈەنجۇاڭ (مىلادى 602-664-يىللار)نىڭ غەرپكە كېلىپ بۇددىزىم تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىش جەريانىدا يېزىپ قالدۇرغان خاتىرىلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئەينى زاماندا كۇسەن دۆلىتىدە 100 دىن ئارتۇق بۇددا ساگرامىلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭدا «ھىنايانا» (سانسكرىتچە مەنىسى كىچىك يول) مەزھىپىنىڭ تەلىماتلىرى تەرغىپ قىلىناتتى... ئېگىزلىكى 90 گەزدىن ئاشىدىغان بۇددا ھەيكىلى بار ئىدى... بۇددا راھىپلىرى 5 يىلدا بىر قېتىم چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزەتتى... ھەر يىلى كۈز پەسلىدە بۇددىزىم ئەقىدىلىرىنى تەرغىپ قىلىدىغان چوڭ يىغىلىش بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا خان-ۋەزىرلەردىن تارتىپ پۇقرالارغىچە ھەممە كىشى مۇستەسناسىز قاتنىشاتتى. ھەرقايسى ساگرامىلاردىن كەلگەن راھىپلار ئۆزلىرى قاتۇرۇپ چىققان بۇددا ھەيكەللىرىنى ۋە ئۆزلىرى سىزغان رەسىملەرنى كۆتىرىپ قەلئەمۇ-قەلئە بېرىپ سەيلە قىلاتتى... راھىپلار ناھايىتى بىلىملىك كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلار خەلق ئىچىدە يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى ۋە پۈتۈنلەي خەلقنىڭ خەير-ساخاۋەتلىرى بىلەن تەمىنلىنەتتى...

مىلادى 10-ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭغا ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرىشكە باشلىدى. لېكىن كۇسەن دۆلىتى بۇددىزىم ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئەل بولغاچقا، ئىسلام دىنى بۇ ئەلدە بىرنەچچە ئەسىرگىچە تازا ئوبدان ئەۋج ئالالمىدى. ئاخىر مىلادى 13-ئەسىردە مەۋلانا ئەرشىدىن ئىسىملىك ئىسلام تەرغىباتچىسى كەڭ كۆلەملىك تەرغىبات ئېلىپ بارغان ۋە كۈچلۈك مەمۇرى تەدبىرلەر قوللىنىلغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ رايوندا بىرەر مىڭ يىل

www.uyghurkitap.com

داۋام قىلغان بۇددا دىنى يېڭىدىن كىرگەن ئىسلام دىنىغا
سەھنە بوشاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قىزىل مىڭئۆيمۇ ئەتىۋا-
لىنىشتىن مەھرۇم قالدى. ئۇمۇ شىنجاڭنىڭ باشقا جايلى-
رىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىلىرىغا ئوخشاش «كەلكۈن بولۇپ
ئاقتۇق، كەنتلەرنىڭ ئۈستىگە چىقتۇق، بۇتخانىنى يىقىتتۇق،
بۇت ئۈستىگە چىچتۇق»⑤ دېيىلگەن ئەھۋالغا دۇچ كەلدى.
شۇ زاماندا شىنجاڭدىكى مىڭئۆي بۇددا غارلىرى ۋە ئۇنىڭ-
دىكى رەسىملەرنىڭ كۆپ قىسمى بۇزۇلدى، لېكىن قىزىل
مىڭئۆينىڭ ئورنى چەت ۋە قاتناش قولايسىز جايدا بولغاچ-
قا، ئۇنىڭدىكى بۇددىزىم يادىكارلىقلىرى يەنىلا خېلى كۆپ
ساقلىنىپ قالدى.

× ×

يېڭى جۇڭگو ئارخېئولوگلىرى 1954 - يىلدىن باشلاپ
قىزىل مىڭئۆينى تەكشۈرۈش، چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا
باشلىدى. بۇ ئورۇن 1957 - يىلى 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۇي-
غۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي
يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى. كېيىن ئۇنىڭ قوغدى-
لىش دەرىجىسى ئۆسۈپ، 1963 - يىل 3 - ئايدا مەملىكەت
بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى
قىلىندى ۋە مۇناسىپ ھالدا قوغداش ئورگىنى تەسىس
قىلىندى.

ھازىر قىزىل مىڭئۆي تەۋەسىدە جەمئى 236 غارغا
نومۇر قويۇلۇپ بولدى. بۇ غارلار قۇرۇلما شەكلى جەھەتتە
ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. بۇنىڭ بىر خىلى قەدىمدە «چاتىيا»



دەپ ئاتىلاتتى. بۇنداق غارلارنىڭ تۈۋرۈك (قازغاندا
قالدۇرۇلۇپ قويۇلغان تەبىئىي تۈۋرۈك)لىرى بار، تۈۋرۈك-
لەرنىڭ ئەتراپىدا ئايلانما ئايۋانلار بار، بۇ ئىبادەت
قىلغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلانغان غارلار ئىدى. يەنە
بىر خىلى «ۋىخارا» دەپ ئاتىلاتتى. بۇنداق غارلارنىڭ
ئوتتۇرىسىدا تۈۋرۈك يوق، بەزىلىرى سوزۇنچاق، بەزىلىرى
تۆت چاسا. بۇنداق غارلار ئاساسەن دەرىسخانا، ئەتكاپخانا
قىلىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن ۋە راھىپلارنىڭ يېتىپ - قوپۇشى
ئۈچۈن تەييارلانغان ئىدى.

قىزىل مىڭئۆي تاملىرىدا ساقلىنىپ قالغان رەسىملەر-
نىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 4000 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ.
رەسىملەردە بۇددا (بۇددىزىم ئەۋلىياسى ساكيامۇنى)،
بۇدساتۋالار (ئەۋلىيالىققا شەرت ھازىرلاۋاتقان ئۆلىمالار
ۋە يەرلىك ھۆكۈمرانلار)، راھىپلار، بۇددىزىمنى قوغداپ
تۇرغۇچى تەڭرى - ئىلاھلار، ساخاۋەت بەرگۈچى —
ئىبادەت قىلغۇچىلار...نىڭ ئوبرازلىرى بار. بۇنىڭدىن باشقا
يەنە، قەدىمقى ھەرخىل چالغۇ ئەسۋاپلىرى، قۇش - ھايۋانات-
لار، بېزەك - زىننەت نۇسخىلىرى...بار (رەڭلىك 3 — 10-
رەسىملەرگە قاراڭ). بەزى رەسىملەرنىڭ يېنىدا ئەينى
زاماندا قوللىنىلغان يېزىقلاردا يېزىلغان بېغىشلىما - ئىزاھات-
لار بار. رەسىملەرنى سىزىش، بوياق بېرىش، بولۇپمۇ
ئوبراز يارىتىش جەھەتتە ئىنتايىن روشەن يەرلىك ئالاھىد-
لىك بار. كىشىلەرنىڭ ئوبرازى، ھەتتا تەڭرى - ئىلاھلارنىڭ
ئوبرازىمۇ قەدىمقى كۇچا خەلقىنىڭ چىراي - شەكلىگە
ئوخشىتىپ سىزىپ چىقىلغان.

ھازىر غارلاردا ساقلىنىپ قالغان رەسىملەرنىڭ كۆپ

سانىدىكىلىرى كەمتۈك. ساق دىيىلگەنلەردىمۇ يەنىلا «ئىسلام نەيزىلىرى» تەككەن ياكى چەتئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئويۇپ كولىغاندا قېلىپ قالغان زېدىلەر بار. ۋاھالەنكى، تاملىرىدا قەدىمقى گۆزەل سەنئەت ئەسەرلىرى مۇشۇنچىلىك دەرىجىدە ساقلىنىپ قالغان قىزىل مىڭئۆيدەك بۇددىزىم غارلىرى جۇڭگودىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئانچە كۆپ تېپىلمايدۇ.

قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى 30 - يىللاردىن باشلاپ چەتئەل تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن دۇنياغا تونۇشتۇرۇلۇشقا باشلىدى. جۇڭگودا بولسا 1962 - يىلى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە پاكۇلتېتىدىن پروفېسسور يەن ۋېنرۇ ئەپەندى بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنى ئېلان قىلدى⑥. 1981 - يىلى يەنە «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى» ناملىق رەسىملەر توپلىمى غەيرى رەسمىي يول بىلەن ياپونىيىدە نەشر قىلىنىپ دۇنياغا تارقىتىلدى.

ھازىرقى كۈندە يەنى پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئىلىم - پەن باھارىدا، قىزىل مىڭئۆي قەدىمقى بۇددىزىم سەنئىتى يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى بولغان ئۇيغۇر مىللىتىمۇ بۇنداق مەخسۇس تېمىدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى ۋە شۇنداق ئىقتىدارنى ھازىرلىدى.

× ×

قىزىل مىڭئۆينىڭ قانداق بىنا قىلىنغانلىقى توغرىسىدا كۇچا رايونىدا خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئىككى



خىل رىۋايەت بار. بۇنىڭ بىر خىلى نىم شېھىت ئارمىيە داموللا يازغان «مىڭئۆي ۋە پەرھات - شىرىن» دېگەن داستاندا ھېكايە قىلىنغان ⑦. ئۇنىڭدا، شاھزادە پەرھات ئۆزىنىڭ مەشۇقى شىرىن مەلىكىنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ يۈرگەندە، ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن بۇ مىڭئۆينى قازغان، دەپ يېزىلغان. بۇ داستاندا يەنە قىزىل مىڭئۆينىڭ يېنىدىكى باغۇ - بوستانلىقنى سۇ مەنبەئى بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىغان سۈزۈك بۇلاقنى «شىرىننىڭ كۆز يېشىدىن پەيدا بولغان» دەيدىغان بەدىئىي تەسۋىرلەرمۇ بار. كۇچادا خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان يەنە بىر خىل رىۋايەت بۇنىڭغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، قەدىمدە كۇچا خانىنىڭ ئوغلى ئويۇن - تاماشاغا كۆپ بېرىلىدىغان بالا بولۇپ قالغاچقا، ئۇنى ئوقۇتۇپ - تەربىيىلەپ، خانىنىڭ ئىزىنى باسالىغۇدەك بىلىملىك ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش ئىشى ناھايىتى تەسكە چۈشۈپتۇ. خان بۇ ئىش توغرىسىدا ۋەزىر - ئۆلىمالار بىلەن كۆپ قېتىم مەسلىھەت قىلىشقاندىن كېيىن، بۇ شاھزادىگە بىلىم سىڭدۈرۈشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدىغان بىر يول تېپىلىپتۇ. ئۇ بولسىمۇ ئەينى زاماندىكى نەزىرىيە بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ھېكايە - چۆچەك شەكلى بىلەن قىزىقارلىق ھەم چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ ئىپادىلەپ، ھەتتا ئۇنى بىر كۆرسە مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدىغان سىزما ئوبرازلار بىلەن رەسىملەشتۈرۈپ چىقىلغان «ئوقۇتۇش كىتاۋى» نى شەكىللەندۈرۈپ چىقىش ئىكەن. مۇشۇنداق بىر ئېھتىياج ئۈچۈن «مىڭئۆي» بىنا قىلىنغان⑧.

ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

قارىغاندا، قىزىل مىڭئۆيدىكى رەسىملەرنىڭ ھەممىسى بۇددىزىم كىتابلىرىدىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسەن سىزىپ چىقىلغان بۇددىزىم رەسىملىرىدۇر. ئۇنى «رەسىملەشتۈرۈلگەن بۇددىزىم كىتاۋى» دەپ ئاتىسىمۇ بولىدۇ. بۇ مەسىلە ھازىر بىرگە ئايان بولدى. بۇ نۇقتىغا گۇمانلىنىدىغانلار تېخى كۆرۈلمىدى. بۇنداق بىر ئەمەلىيەتكە سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قىزىل مىڭئۆينىڭ بىنا قىلىنىشى توغرىسىدىكى ئىككى خىل رىۋايەتنىڭ ئىككىنچى خىلى بىر قەدەر ئەقىلغا مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن.

چەتئەل تەتقىقاتچىلىرى بۇرۇن قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىنى مىلادى 500 — 700-يىللارنىڭ مەھسۇلى دەپ يەكۈنلىگەن ئىدى. جۇڭگودىمۇ بىر قىسىم كىشىلەر بۇ «تەۋرەنمەس يەكۈن»گە ئەگىشىپ ۋە ئۇنى «تەرەققى» قىلدۇرۇپ، ھەتتا قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىنىڭ مەنبەئى ئۈستىدىمۇ پىكىر يۈرگۈزۈپ، ھېلى ئۇيەرنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن، ھېلى بۇ يەرنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن دەپ، يەنە بىرمۇنچە «يېڭى يەكۈنلەر»نى كۆتۈرۈپ چىقىپمۇ باقتى. لېكىن يۇقىرىقى يەكۈنلەرنىڭ ھېچقايسىسى پەن-ئىلىمنىڭ ئىسپاتلىشىغا ئىگە بولالمىدى. ھالبۇكى، يېقىنقى بىرقانچە يىلدا قىزىل مىڭئۆينىڭ تاملىرىدىكى رەسىملەرنىڭ يىل-دەۋرى توغرىسىدا كاربون 14 ئانالىزى ئۇسۇلى بىلەن ئۆلچەپ چىقىلغان سانلىق ئىلمىي مەلۇماتلارنىڭ بىر قىسمى ئېلان قىلىندى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىنىڭ بەزىلىرى بۇنىڭدىن (1984-يىلدىن) 1970 يىل بۇرۇن يەنى مىلادىنىڭ 14-يىلى سىزىلغان⑨. بۇ پاكىت يەن ۋېنرو ئەپەندى 1962-يىلى ئوتتۇ-



رىغا قويغان مۇلاھىزىلەرنىڭ ئاساسەن توغرا بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، ئۇنىڭدىن باشقا «يەكۈن»لەرنى ئىنكار قىلدى.

قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىدە «مايترېيا بۇددا»نىڭ ئوبرازى ۋە بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى چۆچەكلەر ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن، بۇ قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىنىڭ بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى ئىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى بۇددىزىمنىڭ ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن نەزەرىيىلىرىگە ئاساسەن سىزىلغان، يەنى جۇڭگو دائىرىسىدە ئەڭ بۇرۇن يارىتىلغان بۇددىزىمنىڭ «سەرۋاستى ۋادىنا» مەزھىپىنىڭ تەلىماتلىرىنى تەرغىپ قىلىدىغان گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىدۇر. بۇ جۇڭگو بۇددىزىمىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى ھىندىستان بۇددىزىمىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

يۇقىرىدا قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ۋە ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردۇم. تۆۋەندە قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىنى بىرقانچە ماۋزۇغا ئايرىپ تونۇشتۇرىمەن. ئەڭ ئاخىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان «خاتىمە»دە يەنە قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىگە ئالاقىدار بولغان مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بىرقانچە مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

ئەپسۇسكى، بۇ كىتابقا مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەنە بىر قىسىم مۇھىم رەسىملەر، بولۇپمۇ قەدىمقى چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ناخشا-ئۇسۇلغا دائىر ماتېرىياللار كىرگۈزۈلمەي قالدى، كەلگۈسىدە شارائىت يار بەرسە، بۇلارنى تولۇقلاپ كېتىمەن.

ئىزاھات:

① «خەننامە. غەربىي دىيار تەزكىرىسى» (خەنزۇچە).

② «خەننامە. جاڭ چيەن تەزكىرىسى» (خەنزۇچە).

③ لۇچېڭ. «ھىندىستان بۇددىزىمىدىكى ئېقىملار توغرىسىدا قىسقىچە بايان» (خەنزۇچە، جۇڭگو بۇددا دىنى جەمئىيىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن).
چارلىس ئېلىيەت. «ھىندىزىم ۋە بۇددىزىم تارىخى تېزىسلىرى» (ئىنگلىزچە).

④ جى شيانلىن. «جۇڭگو - ھىندىستان مۇناسىۋىتى تارىخى توغرىسىدا» (خەنزۇچە).

⑤ «تۈركى تىللار دىۋانى»، 448 - بەت.

⑥ «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلى، 1962 - يىل 7 - ، 8 - بىرلەشمە سان، 41 - بەت (خەنزۇچە).

⑦ «بۇلاق»، 1981 - يىل 1 - سان 270 - بەت.

⑧ بۇ چۆچەكنى 1977 - يىلى كۇچادا پېشقەدەم زىيالى يۈسۈپ باقى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى.

⑨ «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلى، 1984 - يىل 4 - سان 94 - بەت، «جۇڭگو ئارخېئولوگىيىسى 14·C تەجرىبە نەتىجىلىرى توپلىمى»، 153 - بەت (خەنزۇچە).



## ساكيامۇنى ۋە بۇددىزىم تەرغىباتى

ساكيامۇنى (بەزى كىتابلاردا شاكيامۇنى دەپ يېزىلىدۇ) بۇددا دىنىنى ئىجات قىلغان كىشىنىڭ ئىسمى. ئۇ قەدىمقى ھىندىستاننىڭ «ساكيا» قەبىلىسى «گاۋتاما» جەمەتىدىن كېلىپ چىققان. ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى ئىسمى سىددا ئارتا (سانسكرىتچە مەنىسى ھەممىگە قادىر)



11. ساكيامۇنىنىڭ ئوبرازى
(قەدىمقى ھىندىستاننىڭ مىلادى 2 - 4 - ئەسىرلەردىكى قەندىھار كاھى ئويمىلىرىغا ئويۇلغان شەكىل)

بولسمۇ، كېيىن كىشىلەر ئۇنى «ساكيا» دېگەن قەبىلە نامىغا «مۇنى» (سانسكرىتچە مەنىسى ئەدىپ) دېگەن ھۆرمەت سۆزىنى قوشۇپ ساكيامۇنى دەپ ئاتايدىغان بولغان. بۇ ئىسىم ساكيالاردىن چىققان ئەۋلىيا دېگەن ئۇقۇمنى چۈشەندۈرەتتى.

بۇددىزىم رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ساكيامۇنى قەدىمقى ھىندىستاننىڭ شىمال قىسمىدىكى «كاپىلاۋاستۇ» ناملىق بىر دۆلەت (بۇ جاي ھازىر نېپال پادىشالىقىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى تىلاۋرا كوت رايونىدا) نىڭ خانى سۇتتۇ دانانىڭ شاھزادىسى يەنى قەدىمقى ھىندىستاندىكى «كشادرىيا» (ئىمتىيازلىق يەر ئىگىلىرى) تەبىقىسىنىڭ پۇشتى - ئەۋلادى ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى دىۋاداھا دۆلىتىنىڭ كوليا جەمەتىدىن كېلىپ چىققان مەلىكە ماھامايا خېنىم بولۇپ، ئۇ ساكيامۇنى تۇغۇلۇپ 7 كۈندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن. ساكيامۇنىنى كىچىك ھاممىسى ماھاپراجاپوتى خېنىم (بۇمۇ سۇتتۇدانا خانىنىڭ يەنە بىر خانىشى ئىدى) بېقىپ چوڭ قىلغان.

ساكيامۇنىنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئەھۋالى توغرىسىدا «بۇددا جارىتا سۇترا» ناملىق ساكيامۇنى ئەۋلىيانىڭ كەچۈرمىشلىرى تەپسىر قىلىنىدىغان بۇددىزىم كىتاۋىدا مۇنداق بىر چۆچەك ئارقىلىق ئۇنىڭ 12 ياشقا كىرگەن ۋاقتىدىلا ئاللىقاچان نۇرغۇن كىتاۋنى بىلىمگە ئىگە بولۇپ، پەم - پاراسەتتە يېتىلىپ، خېلى مۇرەككەپ مەسىلىلەرنىمۇ ئەقلىي يول بىلەن بىر تەرەپ قىلالايدىغان بولغانلىقى تەسۋىرلەنگەن: (رەڭلىك 12 - رەسىمگە قاراڭ)



... بىر كۈنى ساكيا بالىلىرى ئوردا قوروسىدا ئوينىۋاتقاندا، بۇ چاغدا ئوردىنىڭ ئۈستىدىن بىر توپ تۇرنا ئۇچۇپ ئۆتۈپ يۈرەتتى. تۇساتتىن تۇرنىلارنىڭ بىرىگە ئوق تېگىپ ساكيامۇنىنىڭ قوروسىغا چۈشتى. ساكيامۇنى تۇرنىغا قادىلىپ قالغان ئوقنى ئوڭ قولى بىلەن چىقىرىپ تاشلاپ، جاراھەتلەنگەن يەرگە سېرىق ماي سۈرتۈپ قويدى.

بىردەمدىن كېيىن، تۇرنىنى ئېتىپ چۈشۈرگەن بالا: «تۇرنىنى مەن ئاتقان، ئۇنى ماڭا تاپشۇرۇپ بەرسۇن» دەپ ساكيامۇنىنىڭ ئالدىغا ئادەم كىرگۈزدى. ساكيامۇنى ئۇنىڭغا: «ئەگەر بۇ تۇرنا ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى بېرەي، ساقىيىپ قالسا، ئۆز جېنىنى جان ئەتسۇن» دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن: «تۇرنا ئۆلسىمۇ مېنىڭ، ساقايسىمۇ مېنىڭ، دەرھال ماڭا قايتۇرۇپ بەرسۇن» دەيدۇ دەپ، يەنە ئادەم كىردى. ساكيامۇنى ئۇنىڭغا: «مەن بارلىق جانلىقلارنى قوغدايمەن» دەپ كەسكىن جاۋاپ بەردى.

بۇ دەۋانى ھەل قىلىش تەس بولدى. بۇ چاغدا ئاسماندىن تەڭرىلەر چۈشۈپ: «تۇرنىنى كىم ساقايتسا، ئىگىسى شۇ!» دەپ ھۆكۈم قىلىشتى...

ساكيامۇنى چوڭ بولغاندا، ئۇ ئۆز دۆلىتى تەۋەسىدىكى ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلاردىن بىلىم ئالغان. لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا قايىل بولماي، ئۆز ئالدىغا پىكىر يۈرگۈزۈپ، ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بىر يۈرۈش يېڭى بىلىش نەزەرىيىسى تەكلەشكە بەل باغلىغان.

ساكيامۇنىنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭ شاھزادىلىق تۇرمۇشتا خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال بىر

قىزنى تاللاپ ئۆيلەپ قويغان. ئۇزۇن ئۆتمەي ساكيامۇننىڭ رەپىقىسى بىر ئوغۇل بالا تۇققان. لېكىن ساكيامۇنىنىڭ زېھنى ئۆزىنىڭ يېڭى بىلىش نەزەرىيىسى ئۈستىدە پىكىر قىلىشتىن بىردەممۇ چەتنەپ كەتمىگەن. ساكيامۇنىنىڭ «بۇددا» (ئەۋلىيا) بولۇپ يېتىلىش جەريانى توغرىسىدا يۇقۇرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان بۇددىزىم كىتاۋىدا يەنە مۇنداق رىۋايەتلەر بار: (رەڭلىك 13 - 14 - رەسىملەرگە قاراڭ)

...بىر كۈنى سۇتتۇدانا خان شاھزادە ساكيامۇنىنى بىللە ئېلىپ سەيلىگە چىقتى. ساكيامۇنى يولدا كېتىۋاتقاندا دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلى كۆزەتتى. دېھقانلار ئېتىزلىقتا ئورۇقلاپ داق سۆڭەك بولۇپ قالغان بەدەنلىرىنى يالىڭاچلاپ، ئاپتاپتا كۆيۈپ، ئۇسساپ - چاڭقاپ، ھەرخىل ئازاپ - ئوقۇبەتكە چىداپ تىرىشچانلىق قىلىۋاتاتتى...قوش تارتىۋاتقان ئۆيلار ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىنىڭ ئۈستىگە ھەدەپ بىر تېرە - بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان بەدەنلىرىگە قامچىلار تېگىپ ئازاپ - ئوقۇبەت تارتىۋاتاتتى...يەر قاتلىمىدىكى قۇرۇت - قوڭغۇزلارنىڭ ئۇۋىلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇلار يەر يۈزىگە چىقىپ قېلىپ قۇشلار تەرىپىدىن چوقۇپ يەم قىلىنىۋاتاتتى...ساكيامۇنى بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، «بارچە جانلىقنى تۇغۇلۇش، قېرىش، ئاغرىش، ئۆلۈشتىن ئىبارەت ئازاپلاردىن قۇتۇلدۇرۇش» ھەققىدە پىكىر قىلىشقا باشلىدى.

سەيلە تۈگىگەندىن كېيىن ئۇلار ئوردىغا قايتىپ ماڭدى. يولدا كېتىۋېتىپ ساكيامۇنى بىر بۆك - باراقسان دەرەخزارلىق (پىپىا ئورمانلىقى) نى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بۇ



ئورمانلىقنى ياقتۇرۇپ قالدى ۋە شۇ يەردە ئۆزى يالغۇز قېلىپ، ئورمانلىقتا ئىچكىرىلەپ كىردى. ئاخىر بىر تۈپ پىپىا دەرىخىنىڭ تۈۋىدە جىم ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ شۇ يەردە ئاچلىق - ئۇسسۇزلۇققا چىداپ 7 كۈن «ديانا» (سانسكرىتچە مەنىسى جىم ئولتۇرۇپ پىكىر قىلىش) قىلىپ، «تۆت ئۇلۇغ ساتيا» (تۆت چوڭ ھەقىقەت) ۋە «ئون ئىككى نىدانا» (ئون ئىككى خىل سەۋەپ) نى چۈشىنىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «بۇددا» (سانسكرىتچە مەنىسى ئەڭ بۇرۇن چۈشەنگۈچى، ئەۋلىيا) بولۇپ يېتىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ساكيامۇنى بۇددا ئۆزىنىڭ شاھزادىلىق تۇرمۇشىنى تاشلاپ ئوردىدىن چىقىپ «سىرامان» (سانسكرىتچە مەنىسى ئائىلىدىن ۋاز كەچكۈچى، ھەقىقەت يولىدا ماڭغۇچى قەلەندەر) بولۇشقا بەل باغلىدى.

سۇتتۇدانا خان ساكيامۇنىنى شاھزادىلىقتىن ئايرىماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئوردا ئىچىدە خىلمۇ - خىل كۆڭۈل ئېچىشلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى. نى - نى گۈزەل قىزلارنى تاپقۇزۇپ كېلىپ ئۇنىڭغا ھەمرا قىلدى. ساكيامۇنى ئۇنداق بەزمىلەرگە ۋە گۈزەل قىزلارغا پىسەنت قىلمىدى. ساكيامۇنغا يېپىشقان سەتەڭلەر ئالۋاستىغا ئايلىنىپ كەتتى... (رەڭلىك 15 - رەسىمگە قاراڭ)

...بىر كۈنى كېچىدە ساكيامۇنىنىڭ يېنىغا گۈزەتچىلىككە قويۇلغان مۇلازىملارنى تۇساتتىن بىر خىل غايىپ ئۇيقۇ باستى. ساكيامۇنى ئارغىماققا مىنىپ سەھرا ۋە ئورمانلىقلارغا قاراپ ماڭدى. ئۇ شەھەر سېپىلىگە تۇسۇلۇپ قالدى. بۇ چاغدا ئاسماندىن تۆت نەپەر تەڭرى باتۇرى زېمىنغا چۈشۈپ، ساكيامۇنى مىنگەن ئارغىماقنىڭ پۇتلىرىنى كۆتە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رىپ، ئۇنى ئىگىز سېپىلدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدى... (رەڭلىك 16 - رەسىمگە قاراڭ)

ساكيامۇنى ئوردىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ سەھرالارنى، ئورمانلىقلارنى ئارىلاپ، يۇرتمۇ - يۇرت يېرىپ، بىر تەرەپتىن، سىرامان بولۇپ (تىلەمچىلىك قىلىپ) تۇرمۇش كۆچۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇددىزىم نەزەرىيىسىنى تەرغىپ قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى. (رەڭلىك 17 - رەسىمگە قاراڭ)

ساكيامۇنى مۇشۇنداق سىرامانلىق تۇرمۇش كۆچۈرۈپ يۈرگەندە، بەزى ياخشى نىيەتلىك ئاياللار ئۇنى تىلەمچىلىك قىلماي، ئۆيلىرىگە كېلىپ مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلدى. لېكىن ساكيامۇنى بۇنداق تەكلىپلەرنىڭ ھېچقاندىقىنى قوبۇل قىلمىدى... (رەڭلىك 18 - رەسىمگە قاراڭ)

ساكيامۇنى ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلماي سىجىل بۇددىزىم تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ بىرىنچى قېتىمدا «مرگاداۋا» (سانسكرىتچە مەنىسى مارالىلىق) دېگەن جايدا «دارما» (سانسكرىتچە مەنىسى رىياللىقنى ۋە كەلگۈسىنى چۈشىنىشنىڭ يولى. بۇ ئاتالغۇ قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا «درام» دەپ يېزىلىدۇ) ھەققىدە ۋەز ئېيتىپ، شۇ جايدىن ئۆزىگە 5 شاگىرت ئەگەشتۈرگەن. (رەڭلىك 19 - رەسىمگە قاراڭ) ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ شاگىرتلىرى 10 غا، 100 گە، 500 گە، ئاخىر 700 گە يەتكەن...

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ساكيامۇنى بۇددىزىمنى تەرغىپ قىلىش جەريانىدا، ئىچكى قىسىمدا بەزى ئېغىر توقۇنۇشلارمۇ يۈز بەرگەن. ساكيامۇنىنىڭ شاگىرتى دىۋاتتا كىچىك ۋاقتىدا ساكيامۇنى بىلەن «تورنا ۋەقەسى» تۈپەيلىدىن ئۆچلىشىپ قالغانلىقتىن، ئۇ ساكيامۇنىغا ئىچچىل ھالدا



كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلاپ يۈرگەن. شۇڭلاشقا ئۇ بەزىدە ساكيامۇنىنىڭ نەزەرىيىلىرىگە قارشى تۇرغان. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بىر قېتىملىق چوڭ توقۇنۇشتا ساكيامۇنىنىڭ بىر قولى دىۋاتتا تەرىپىدىن ئومۇت بىلەن ئۇرۇپ سۇندۇرۇلغان. يەنە بەزى رىۋايەتلەردە ساكيامۇنىنىڭ بىر پۇتىمۇ سۇندۇرۇلغان، دېيىلىدۇ. يۇقىرىقى ۋەقەلەرنى ئەسلىتىدىغان رەسىملەرنى قىزىل مىڭئۆينىڭ تاملىرىدا كۆرگىلى بولىدۇ.



20. ساكيامۇنىنىڭ بىر پۇتى دىۋاتتا تەرىپىدىن ناكا قىلىنغان (41 - غار)



21. ساكيامۇنىنىڭ بىر قولى دىۋاتتا تەرىپىدىن ناكا قىلىنغان (205 - غار)

## تەڭرىلەر

بۇددىزىم نەزىرىيىسىدە «دىۋا» دېگەن بىر ئاتالغۇ ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ سانسكرىتچە سۆز بولۇپ، مەنىسى تەڭرى، ئىلاھ، يورۇقلۇق، ئاسمان، ئەرش، جەننەت دېگەن ئابستراكت ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدۇ. بەزى كىتاپلاردا ئۇنى «شاكىرا» (سانسكرىتچە مەنىسى ھەممىگە قادىرلار) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «دىۋا» دېگەن سۆزنى قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا كۆپىنچە ھاللاردا تەڭرى دەپ ئاتايدۇ.

تەڭرىلەر بىرقانچە خىلغا بۆلۈنىدۇ. ھەربىر خىلنىڭ يەنە ئۆزىگە خاس كونكرېت ناملىرى بار. مەسىلەن: «سۇريا» (كۈن تەڭرىسى)، «ئاگنى» (ئوت تەڭرىسى)، «جاندىرا» (ئاي تەڭرىسى) قاتارلىقلار.

مىڭئۆي رەسىملىرىدە مۇنداق بىر خىل تەڭرىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەركەكلىرى «گانتارۋا»، ئاياللىرى «كىننارا» دەپ ئاتىلىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇلار «سوما» ناملىق بىر خىل خۇشپۇراقلىق مەي ئىچىپ يۈرەرمىش. زېمىندا قانداقلا بىر كىشىنىڭ ئۇلارغا ھاجىتى چۈشسە، ئۇلارنى سېغىنسا، ئەرشتە ئۇلارنىڭ ئولتۇرغان ئورنى قىزىپ كېتەرمىش. ئۇلار شۇ ئارقىلىق زېمىندىكى ئىلتىجادىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلارنى سېغىنغان كىشى ئىسرىق سېلىپ تارقاتقان خۇشپۇراقلىق ھىدلارنى پۇراپ يۈنىلىشنى بەلگىلەپ، دەرھال زېمىنغا يېتىپ كېلىپ، «ئالۋاستى» لارنى يوقۇتۇپ، ئازاپ چەككەن كىشىلەرنى قوغدارمىش. ئۇلار



ھەرقانداق ئەھۋالدا ھامان بۇددىزىم تەرەپتە تۇرارمىش. بۇددىزىم تارالغان رايونلاردا كىشىلەر بۇ رىۋايەتكە ئاساسەن ئىسرىق سېلىپ ھىد پۇرىتىدىغان ئۆرپ - ئادەتشەكىللەنگەن. بۇددىزىمچىلار تەڭرىلەر توغرىسىدا ۋەز ئېيتقاندا: «بۇددىزىمغا ئېتىقات قىلىدىغان كىشىلەر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە ئىسرىق سېلىپ ھىد پۇراتسا، تەڭرىلەر دەرھال كېلىپ ياردەم بېرىدۇ، ئامەت تاپقاندا ھىد پۇراتسا، تەڭرىلەر كېلىپ تەنتەنە قىلىدۇ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. (رەڭلىك 22 — 25 - رەسىملەرگە قاراڭ)

تەڭرىلەرنىڭ شەكىل - قىياپىتى مۇقىم ئەمەس، ئۇلار بەزىدە ئادەم سىياقىغا، بەزىدە ھەرخىل ھايۋانات ياكى قۇش سىياقىغا كىرىپ تۇرۇپ ھەركەت قىلارمىش. قەدىمقى رەسساملار ئۇلارنىڭ ئوبرازىنى ياراتقاندا، ئۇلارنى ئەرمۇ ئەمەس، ئايالمۇ ئەمەس بىر خىل ئوتتۇرا جىنسلىق مەۋجۇدات قىلىپ كۆرسىتىشكە ئەھمىيەت بەرگەن. لېكىن رەسساملار تەڭرىلەرنى كۆرۈپ باقمىغاچقا، ھامان ئۇلارنى ئادەملەرگە ئوخشىتىپ سىزىشتىن باشقا ئامال قىلالمىغان. يەنە بىر روشەن ئالاھىدىلىك شۇكى، بۇددىزىم نەزىرىيىلىرىدە تەسۋىرلىنىدىغان ئوبرازلار دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە يەرلىك رەسساملار تەرىپىدىن ئۆز مىللىتىنىڭ چىراي - شەكلىگە ئاساسەن يارىتىلغىنىغا ئوخشاش، قىزىل مىڭئۆيىنىڭ بۇددىزىم رەسىملىرىدىكى ئوبرازلارمۇ، ھەتتا تەڭرىلەرمۇ قەدىمقى كۇچالىقلارنىڭ چىراي - شەكلىگە تەقلىت قىلىپ سىزىپ چىقىلغان. جۈملىدىن قەدىمقى كۇچا رەسساملىرى يەرلىك خەلقنىڭ ئەدىبىي تەسەۋۋۇرلىرى ۋە ئارزۇ - ھەۋەس

لەرى ئاساسىدا دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى بۇددىزىم سەنئىتى ئىجادىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، قەدىمقى كۇچانىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بويىچە، باشقا جايلارنىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى» نى ياراتقان ۋە شۇ ئارقىلىق باشقا جايلارغا تەسىر كۆرسەتكەن.



## مىڭ بۇددا

بۇددىزىم نەزىرىيىسىدە بۇددالار ئۆتكەن زامان بۇددالىرى، ئەينى زامان بۇددالىرى ۋە كەلگۈسى زامان بۇددالىرى دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ. ھەر زاماندا مىڭدىن جەمئى ئۈچ مىڭ بۇددا بار دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۆتكەن زامان بۇددالىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى «دىپامكارا بۇددا» (سانسكرىتچە مەنىسى يورۇقلۇق ئالىمىنى ياراتقۇچى ياكى چىراق ياققۇچى ئەۋلىيا). ئەينى زامان بۇددالىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ساكيامۇنى، كەلگۈسى زامان بۇددالىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى «مايترېيا بۇددا» (سانسكرىتچە مەنىسى رەھىمدىل. قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا مايترى دەپ يېزىلىدۇ) دەپ ئاتىلاتتى.

بۇددىزىم تەرغىباتچىلىرى بۇددالار ھەققىدە ۋەز ئېيتقاندا: «ھەرقانداق كىشىنىڭ بارلىق ياخشىلىق - يامانلىقلىرىنىڭ ئۆتكەن ئۆمرىدە بولۇپ ئۆتكەنلىرى ئۆتكەن زامان بۇددالىرىنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىدۇ؛ مۇشۇ ئۆمرىدە بولغانلىرى ئەينى زامان بۇددالىرىنىڭ خاتىرىسىدە ساقلىنىدۇ؛ ئۇنىڭ كەلگۈسىدە قانداق بولىدىغانلىقىنى كەلگۈسى زامان بۇددالىرى بەلگىلەيدۇ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئەينى زامان بۇددالىرى ھەققىدە سۆزلىگەندە، ساكيامۇنىنىڭ ئاتىسى سۇتتۇدانا خاننى ئەينى زامان بۇددالىرىنىڭ ئاتىسى، ساكيامۇنىنىڭ ئانىسىنى ئەينى زامان بۇددالىرىنىڭ ئانىسى، ساكيامۇنىنىڭ ئوغلىنى ئەينى زامان بۇددالىرىنىڭ بالىسى

دەپ ئاتايدۇ ۋە كىشىلەرنى ئۇلارغىمۇ چوقۇنۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.

قىزىل مىڭئۆيدە مىڭ بۇددا رەسىملىرى بىرقەدەر كۆپ. مىڭ بۇددالار ئىچىدە مايترېيا بۇددانىڭ ئوبرازى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئوبرازى بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ياكى ئىككى پۇتىنى × شەكىلدە ئالماپ، ئورۇندۇقتىن پەسكە ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان قىياپەت بىلەن باشقا بۇددالاردىن پەرقلىنىدۇ. بەزىدە ساكيامۇنىنىڭ ئوبرازىنى مايترېيانىڭ ئوبرازىدىن پەرقلەندۈرۈۋالغىلى بولمايدۇ.

قىزىل مىڭئۆيدىكى بىرمۇنچە غارلار پۈتۈنلەي مىڭ بۇددا رەسىملىرى بىلەن بېزەلگەن. بەزى مىڭ بۇددا رەسىملىرىنىڭ ئارىسىدا يەنە باشقا مەزمۇندىكى رەسىملەرمۇ بار. بۇنداق رەسىملەر «بۇددالارنىڭ يارىلىش سەۋەپلىرى توغرىسىدىكى چۆچەكلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. (رەڭلىك 27 — 34 - رەسىملەرگە قاراڭ)

يىغىلغان بۇددالارنىڭ يارالمىش سەۋەپلىرى تەپسىر قىلىنىدىغان بۇددىزىم كالامى «ساخاسرا بۇددا نىدانا سۇترا» دىگەن كىتاپ مىلادى 334 — 413 - يىللاردا تۇنجى قېتىم كۇچالىق مەشھۇر بۇددىزىم ئۇستازى، ئەدىپ، تەرجىمان كۇماراجىۋا تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان.



## نىرۋانا

بۇددىزىم رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ساكيامۇنى 80 ياشقا كىرگەندە كۇشىناگارا شەھرىدە سالا دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئۆلگەن. بۇددىزىم راھىپلىرى ئۇنىڭ ئۆلۈمى «نىرۋانا» (سانسكرىتچە مەنىسى يوقىتىش. بۇ ئاتالغۇ قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا «نىرۋان» دەپ يېزىلىدۇ) دەپ ئاتايدۇ. ساكيامۇنىنىڭ جەسەت كۈلىنى «شارىرا» دەپ ئاتايدۇ. (رەڭلىك 37 — 40 - رەسىملەرگە قاراڭ)



35. ساكيامۇنىنىڭ نىرۋانىغا يەتكەنلىكى ۋە ئۇنى سېغىنغۇچى بۇدساتۋالار (38 - غار، ئىچكىرىدىكى ئارقا تامدا. بۇ ئەسلىسىدىن كۆچۈرۈپ سىزىلغان نۇسخا، ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا).

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ساكيامۇنى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شارىراسى ئەينى زاماندا ھىندىستاندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان 8 دۆلەت تەرىپىدىن تەقسىم قىلىپ ئېلىپ كېتىلگەن.

بۇددىزم تەرغىباتلىرىدا: «نىرۋانا» بۇددىزمچىلارنىڭ ئەڭ ئالى، ئەڭ ئاخىرقى مەنىۋى مەنزىلى دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: «تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈشنىڭ ئۆۋەتلىشىدىن ئىبارەت ئازاپتىن قۇتۇلۇپ، تۇغۇلماي، ئۆلمەي، مەڭگۈ ئەقىل ـ ھوشىنى ساقلاپ قالغان ھالدا جىسىم ـ جىست ھالەتكە كىرىپ، راھەت ـ پاراغەتتە ياشاش» دىگەنلىكتۇر دەپ كونكرېت تەبىر بېرىلىدۇ.



36. قەدىمقى ھىندىستاندىكى 8 دۆلەت خانلىرى ساكيامۇنىنىڭ شارىراسىنى تەقسىم قىلىشىۋالغان (163 ـ غار)



بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان رايونلاردا، بۇددىزمنىڭ «نىرۋانا» نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، ساكيامۇنىنىڭ ۋاپات بولغان كۈنىنى خاتىرىلەيدىغان ئۆرپ ـ ئادەت شەكىللەنگەن، لېكىن ساكيامۇنىنىڭ ئۆلگەن ۋاقتى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن كۆزقاراش بولمىغاچقا، بۇددىزمغا ئېتىقاد قىلىدىغان رايونلارنىڭ ھەممىسىدە ئۇنى خاتىرىلەش ۋاقتى ئوخشاش



41. ساكيامۇنىنى قوغداپ تۇرغۇچى تەڭرى باتۇرنىڭ ساكيامۇنىنىڭ نىرۋانىغا بارغانلىقىنى ئاڭلىغاندىكى ھېسسىياتى ۋە لاچىنلارنىڭمۇ سېغىنىپ بېشىنى تۆۋەن سالغانلىقى (ئەسلى نۇسخىسى گېرمانىيىدە)

ئەمەس. ئومۇمەن، ھەممىسى باھار پەسلىنىڭ مەلۇم كۈنلىرىدە خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ. شىمالدا بولسا يۇرتقا تۇرنىلار كەلگەندە ئۆتكۈزىدۇ. «تۇرنا خەۋەرچى» دېگەن ئۇقۇم شۇ زاماندىن قالغان.

ھازىرغا قەدەر بىزگە مەلۇم بولغان تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇددىزىمنىڭ «نىرۋانا» نەزىرىيىسى مىلادى 265 — 316 - يىللاردا كۇچالىق بۇددا راھىپلىرى تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە تارقىلىشقا باشلىغان.



## مايترىيا بۇددا

بۇددىزىم رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، ساكيامۇنى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا ۋەسىيەت قالدۇرۇپ: «كەلگۈسىدە مايترىيا بۇددا دۇنياغا كېلىدۇ» دەپ ئېيتقانمىش. بۇددىزىمچىلار بۇ «ۋەسىيەت»كە ئاساسەن، مايترىيا ھەققىدە يەنە بىر يۈرۈش نەزىرىيە توقۇپ چىققان. (رەڭلىك 43 -، 44 - رەسىملەرگە قاراڭ)

مىلادى 25 — 200 - يىللاردا شىنجاڭلىق راھىپلار تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان (تەرجىمە قىلغۇچىنىڭ نامى تېخى ئېنىق ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ شىنجاڭلىق راھىپ ئىكەنلىكى ئېنىق) «مايترىيا پراپرچچا» ناملىق مايترىيانىڭ ئەقىل - پاراستى توغرىسىدا سۆزلىنىدىغان بۇددىزىم كىتاۋىدا ۋە مىلادى 4 - ئەسىردە كۇچالىق مەشھۇر تەرجىمان كۇماراجىۋا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان «مايترىيا ۋىياكارانا» ناملىق مايترىيانىڭ دۇنياغا كەلمىشى توغرىلىق سۆزلىنىدىغان بۇددىزىم كىتاۋىدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ساكيامۇنىنىڭ ئانىسى ماھامايا خېنىم ئۆلگەندىن كېيىن «تۇشىتا» دېگەن ئاتالمىش «كېچە بولمايدىغان، يورۇقلۇق، شاد - خۇراملىق ئالىمى» (يەنى ئەرش) نىڭ «سۇكھاۋاتى» (سانسكرىتچە مەنىسى بەخت ۋادىسى)



42. مايترېيانىڭ تۇغۇلغانلىقىغا ئەرشتە تەنتەنە

ناملىق قورۇسىغا چىقىپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن مايترېيا شۇ قورۇدا تۇغۇلغان. ئۇ 4000 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئادىمىزات ئارىسىغا چۈشۈپ «ناگا» (سانسكرىتچە مەنىسى ئەجدىھا) دەرىخىنىڭ تۈۋىدىن ئادەم بولۇپ يارىلارمىش.

«مايترېيا» دىگەن نام بۇددىزىمچىلار ئىچىدە ناھايىتى كۈچلۈك ئىشتىقات قوزغىغان. شۇڭا ئۇلار كەلگۈسىدە دۇنياغا كېلىدىغان مايترېياغا ئەگىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، كىشىلەر ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ جەسەت كۆلى قاچىلانغان كومزەككە ياكى جەستى سېلىنغان ساندۇققا ئەژدىھانىڭ رەسىمىنى سىزىپ ياكى نەقىش قىلىپ ئويۇپ چىقىپ، ئۇنى بىللە دەپنە قىلىدىغان ئادەت پەيدا بولغان. تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، ئەجدىھانىڭ رەسىمىنى ياكى ھەيكىلىنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىدىغان ئادەت دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى ئىتتىك مەنبەئەلىرىنىڭ بىرى بولغان ئارىيانلار ئارىسىدا پەيدا بولغان (A Sanskrit - Chinese Dictionary، 1904 - يىل توكيو نەشرى، 102 - بەتكە قاراڭ).





(77، غاردىن كۆچۈرۈپ سىزىلغان نۇسخا. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلانماقتا)

شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە نەتىجىلىرىدىن قارىغاندىمۇ، بۇنداق ئۆرپ - ئادەت ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىشتىن بۇرۇنقى ئۇزۇن تارىخى دەۋرلەردە ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەن. قەدىمدا كۇچادا ئەجدىھا ئويۇنى ناھايىتى ئەۋج ئالغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئىكەنلىكىمۇ ھەممە كىشىگە ئايان.

# بۇدساتىۋا — ھاكىملار

بۇددىزىم نەزىرىيىسىدە بۇدداغا ئەڭ سادىق بولغان ئەھلى ئىلىملەر ۋە زامانىنىڭ ئالىي مۆتىۋەرلىرى «بۇدساتىۋا» (سانسكرىتچە مەنىسى ئەۋلىيالىققا شەرت ھازىرلاۋاتقانلار) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا «بۇدساتىۋا» ياكى «بۇدىستىۋ» دەپ يېزىلىدۇ.

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ساكىيامۇنى ۋەسىيەت



45. بۇدساتىۋا ھەيكىلى (ئەسلى نۇسخىسى گېرمانىيىدە)



قالدۇرۇپ، كەلگۈسى زامان ئەۋلىياسى مايترېيا دۇنياغا كېلىپ زېمىنغا چۈشكىچە بولغان بىر ئۇزۇن تارىخىي دەۋر ئىچىدە «كشادرىيا» (سانسكرىتچە مەنىسى زېمىن ئىگىسى)لار بۇددىزىم تەلىماتلىرىنى تەرغىپ قىلىپ، ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا يىلتىز تارتقۇزىدۇ ۋە شۇ تەلىمات بويىچە ئىش كۆرىدۇ، دەپ ئېيتقانىمىش. بۇ «ۋەسىيەت» يەرلىك ھۆكۈمرانلارنىڭ دىنىي تونغا ئورىلىۋېلىپ ھاكىمىيەت باشقۇرۇشى ۋە «قانلىق قىلىچىنى تاشلاپ ئەۋلىيا بولغان» قىياپەت بىلەن مەيدانغا چىقىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن.

قىزىل مىڭئۆيدە بۇدساتىۋا - ھاكىملارنىڭ ھەيكەل، رەسىملىرى بار. ئۇلارنى بېشىغا ھەشەمەتلىك تاج تاقىغان تەق - تۇرقىغا ۋە ئۆزىگە خاس قول ئىشارەتلىرىگە قاراپ باشقا ئوبرازلاردىن پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن. مەسىلەن: 46 - فوتو سۈرەتتە 3 كىشىنىڭ ئوبرازى بار. ئوڭ تەرەپ-



46. تامغا سىزىلغان خان، خانىش، ۋەزىرنىڭ رەسىمى (ئەسلى نۇسخىسى گېرمانىيىدە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىن بىرىنچى كىشى ئوڭ قولىنىڭ ئىككى بارمىقى بىلەن «بادام» شەكلىنى ئىپادىلەپ، سول قولى بىلەن تۆۋەندىكى بىر نەرسىنى چاڭگاللاپ تۇرغان. بۇ، بۇددادا سادىق بولۇپ ئەلنى ئىدارە قىلغۇچى، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرەتتى. ئۇ كىشى بېشىغا تاج كىيگەن، دېمەك، ئۇ خان ئىدى. ئىككىنچى كىشى ئىككى بارمىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇ، بۇد-داغاۋە خانغا سادىق بولغۇچى، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، ئۇ خانىش. سۈرەتتىكى ئۈچىنچى كىشى سول قولىنىڭ ئىككى بارمىقى بىلەن ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇ، يۇقىرقى ئىككى كىشىنى ئالقىنىغا ئېلىپ كۆتەرگۈچى، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، ئۇ ۋەزىر.



## دوزاق ۋە ئالۋاستىلار

بۇددىزىم نەزىرىيىلىرىدە «ناراگا» (سانسكرىتچە مەنىسى خۇشاللىقتىن خالى جاي، ئازاپلىنىدىغان جاي يەنى دوزاق)، «مارا» (سانسكرىتچە مەنىسى قالايمىقانچىلىق سالغۇچىلار، ئالۋاستى) دەيدىغان ئاتالغۇلار بار. بۇلار جەننەت ۋە تەڭرىلەرنىڭ قارىمۇ - قارشى تەرىپى ئىدى.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، زېمىننىڭ تېگىدە سەككىز دوزاق بار ئىمىش (بەزى كىتاپلاردا 16 دوزاق بار دەيدۇ، يەنە بەزى كىتاپلاردا 18 دوزاق بار دەيدۇ). مەسىلەن: «سامجىۋا» (سانسكرىتچە مەنىسى قايتىدىن تىرىلدۈرۈپ قېينايدىغان) دېگەن دوزاق. تەرغىباتلاردا



47. «سامجىۋا» دېگەن دوزاق (ئەسلى نۇسخىسى گېرمانىيىدە)



48. «سامجىۋا» دىگەن دوزاقتىن يەنە بىر كۆرۈنۈش
(ئەسلى نۇسخىسى گېرمانىيىدە)

ئېيتىلىشىچە، ھايات ۋاقتىدا «گۇنا» قىلىپ بۇ دوزاققا مەھكۇم قىلىنغان كىشىلەر قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ ھۇشىدىن كەتكەندىن كېيىن، سالقىن شامال بىلەن قايتىدىن تىرىلدۈرۈلۈپ يەنە داۋاملىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنارمىش. «كالاسۇترا» (سانسكرىتچە مەنىسى قارا ئاغامچا) دىگەن دوزاقتا قارا ئاغامچىدا باغلىنىپ قىيىن - قىستاققا ئېلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا قارا ئاغامچا بىلەن ھەرىدىلىپ قىيىنىلار - مىش. «سامگاتا» (سانسكرىتچە مەنىسى بىر جايغا جەم بولىدىغان) دىگەن دوزاقتا «گۇناھكار» نىڭ ئادەم ياكى ھايۋان رەقىپلىرىنىڭ ھەممىسى بىرجايغا جەم قىلىنىپ، ئۇلار خىلمۇ - خىل قىيناش سايمانلىرى بىلەن بىر بىرىدىن ئۆچ ئېلىشارمىش. بەزى كىتاپلاردا يەنە بۇ دوزاقتا ئىككى تاغنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ ھەمىشە بىر بىرىگە سوقۇلۇپ تۇرىدىغان





49. «كالاسۇترا» دىگەن دوزاق (ئەسلى نۇسخىسى گېرمانىيىدە)



50. «سامگاتا» دىگەن دوزاق (ئەسلى نۇسخىسى گېرمانىيىدە)

لىغى، «گۇناھكار» لار ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سوقۇلۇپ - يانچى-
لىپ قىيىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىغان. بۇنىڭدىن باشقا
يەنە «راۋراۋا» (سانسكرىتچە مەنىسى دات - پەرياد
سېلىپ چىقىرايدىغان)، «تاپانا» (سانسكرىتچە مەنىسى ئوت
كۆيۈپ تۇرىدىغان) دېگەنگە ئوخشاش بىرمۇنچە دوزاقلار-
نىڭ نامى ۋە تەرىپلىرى بار. قىزىل مىڭئۆيدىمۇ دوزاق
ۋەقەلىكلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان رەسىملەر بار، بىراق ئۇنىڭ
مۇتلەق كۆپ قىسمىنى چەتئەللىك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر قىزىل
مىڭئۆي غارلىرىنىڭ تېمىدىن ئويۇپ - كولاپ چىقىرىۋېلىپ
چەتئەللەرگە ئېلىپ كەتكەن.



## راھىب، ساخاۋەتچى، ئىبادەت قىلغۇچىلار

راھىبلار بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغۇچىلار ئىچىدە
ئۆزلىرىنىڭ بارلىق شەخسىي ھەۋەسلىرىنى تاشلاپ، ھەتتا
ئائىلە ۋە ئۇرۇق - تۇققانلىرىدىنمۇ ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى
پۈتۈنلەي بۇددىزىم ئىشلىرىغا ئاتىغان ئەڭ قەتئىي دىندار-
لاردۇر. ئۇلار، كۆپىنچە، مىڭئۆيلەرگە جەم بولۇپ ئىستىقا-
مەت قىلىدۇ ياكى شەھەرمۇ - شەھەر ئايلىنىپ يۈرۈپ
بۇددىزىمنى تەرغىپ قىلىدۇ. مىڭئۆيلەرگە جەم بولۇپ
تۇرغۇچىلار «سانگا» (سانسكرىتچە مەنىسى بىر جايغا جەم
بولغۇچىلار) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا
«ساڭ» دەپ يېزىلىدۇ. سىرتتا يۈرگۈچىلەر «بىكشۇ»
(سانسكرىتچە مەنىسى قەلەندەر)، «بىكشۇنى» (ئايال قەلەن-
دەر) دەپ ئاتىلىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇرچە بۇددىزىم كىتاپلى-
رىدا ئۇلارنى پەرقلەندۈرمەي قارا - قويۇق ئاتاشقا توغرا
كەلگەندە «تويىن» دەپ يازىدۇ. راھىبلار ئادەتتە چېچىنى
پاك - پاكىز چۈشۈرۈپ، ئۈستىگە «كاشايا» (دىنى كىيىم،
يەنى كەڭ تون ياكى پەرىجە) كىيىپ يۈرىدۇ. راھىبلار
ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشتىن ۋاز كەچكەن بىلىملىك كىشىلەر
بولغاچقا، ئۇلار قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا «تۇتۇق» (مەنىسى
ئاختا) دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى سودىگەرلەر



55. يەرلىك ساخاۋەتچىلەر (189 ـ غار)



56. يەرلىك ساخاۋەتچىلەر (ئەسلى نۇسخىسى گېرمانىيىدە)



ئىدى، شۇڭلاشقا بەزى كىتاپلاردا «سودىگەر» دەپ ئاتىلىپ يۈرىدۇ.

ساخاۋەتچىلەر بولسا بۇددىزىم ئىشلىرى ئۈچۈن، بولۇپمۇ مىڭئۆيلەرگە ئىقتىسادىي جەھەتتە سېخىيلىق بىلەن ياردەم بېرىدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار «دانا» (سانسكرىتچە مەنىسى تەمىنلىگۈچى) دەپ ئاتىلاتتى. ساخاۋەتچىلەر ئادەتتە يەرلىك ھۆكۈمرانلار، يەر ئىگىلىرى ۋە باي تەبىـقىلەردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار بۇددا دىنى ئۈچۈن سەدىقە ـ ساخاۋەت قىلىپ تۇرغانلىغى ئۈچۈن، دىندارلار ئۇلارنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى، شۇنداقلا ئۇلارنى خەلق ئىچىدە ماختاپ ـ كۆككە كۆتىرىپ، خەلقنى ئۇلارغا قارشى تۇرغۇزمايتتى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە مىڭئۆيلەرگە كېلىپ تاۋاپ، ئىبادەت قىلىپ تۇرىدىغان پۇقرالار بار ئىدى. بۇنداق كىشىلەر «ئۇپاساكا» (سانسكرىتچە مەنىسى ئىشەنگۈچى) «ئۇپاسىكا» (ئايال ئىشەنگۈچى) دەپ ئاتىلاتتى. بۇنداق كىشىلەر ئادەتتە باي تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولماي، بەلكى ئاددى پۇقرالار بولۇپ، ئۇلار پۈتۈنلەي يەرلىك پوسۇندا كىيىنگەن، ۋاقتى يەتكەندە كېلىپ ئىبادەت قىلىپ قايتىدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوبرازىغىمۇ مىڭئۆيلەر-دە مۇۋاپىق دەرىجىدە ئورۇن بېرىلگەن. بۇنداق ئوبرازلار قەدىمقى كۇچانىڭ ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىمدۇر.





57. ئىبادەت قىلىپ كەلگۈچى يەرلىك پۇقرالار

(114 - غار)



## بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى چۆچەكلەر

بۇددىزىم تەرغىباتچىلىرى ئۆزىنىڭ ئەۋلىياسى ساكيامۇنىنىڭ ئابروينى يۇقىرى كۆتىرىش ۋە ئۇنىڭ ئاتالمىش «ھاياتلىقنىڭ تەكرارلىنىشى» توغرىسىدىكى بىر يۈرۈش نەزەرىيىلىرىنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئەدەبىياتتىن پايدىلانغان. ئۇلار ئۇزۇن تارىخى دەۋرلەردىن بويان خەلق ئىچىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان چۆچەكلەردە ئېيتىلغان ياخشى كىشى، ياخشى ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە بۇددىزىم نەزەرىيىسىنى سىڭدۈرۈپ رەتلەپ چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن ساكيامۇنىنىڭ ئوبرازىنى گۈزەللەشتۈرگەن.

بۇددىزىم تەرغىباتچىلىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ساكيامۇنىنىڭ «جېنى» خىلمۇ - خىل قۇش، ھايۋانلار ۋە ھەرخىل يۇقىرى - تۆۋەن مەنسەپ - تەبىقىدىكى ئىنسانلارنىڭ تېنىدە تۇرۇپ ئۆتكەن، يەنى ساكيامۇنى نۇرغۇن قېتىم دۇنياغا تۆرەلگەن. ئۇ ھەر قېتىم دۇنياغا تۆرەلگەندە ھامان ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئۆتكەن. بۇنداق ئەپسانىلەر بۇددا دىنى كىتاپلىرىنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك ئۇچرايدۇ. ھازىرغا قەدەر كىشىلەر تەرىپىدىن توپلاپ رەتلەنگەن بۇددانىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر 5 يۈزگە يېتىدۇ.

بۇددانىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەر قىسقارتىپ يېزىۋالغىلىمۇ، ئۇزارتىپ سۆزلىگىلىمۇ بولىدىغان، قۇرۇلمىسى ئاددى لېكىن مەزمۇنى چوڭقۇر، بىرلا ئاڭلىسا ئەستىن كۆتىرىلىپ كەتمەيدىغان چۆچەكلەردۇر. بۇددىزىمچىلار كۆپىنچە مۇشۇنداق ئەپسانىلەرگە تايىنىپ ئۆز تەرغىباتىنى

قانات يايدۇرغان ۋە ساكىيامۇنىنىڭ بۇددا بولۇپ يېتىلىشىنى ئۇنىڭ ئالدىنقى نۇرغۇن قېتىملىق ئۆمرىدە هامان ياخشى ئىش قىلىپ كەلگەنلىگىنىڭ نەتىجىسى دەپ چۈشەندۈرگەن. بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى شۇ يولدا مېڭىشقا دەۋەت قىلغان. شۇڭلاشقا بۇ چۆچەكلەر بۇددىزىمنىڭ مۇهىم بىر تەركىۋى قىسمى بولۇپ قالغان ۋە بۇددىزىم ئۈچۈن ناهايىتى چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن.

بۇددىزىم ئەدەبىياتى هەيكەلتاراشلىق ۋە رەسىمچىلىك قاتارلىق گۈزەل سەنئەت شەكىللىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ بۇددىزىم ئەقىدىلىرىنى ئەستە قالدۇرۇۋېلىشىغا تېخىمۇ قولايلىق بولغان.

قىزىل مىڭئۆيدە بۇددانىڭ يارالمىشى هەققىدىكى رەسىملىك چۆچەكلەر كۆپ. بۇ ئۇنىڭ بىر ئالاهىدىلىگى. قەدىمقى رەسساملار بۇددىزىم چۆچەكلىرىنى رەسىملەشتۈرۈپ چىقىشقا تولىمۇ ئەهمىيەت بەرگەن، كۆپىنچە هالدا ئۇنى رومبىغا ئېلىپ تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەن. قىزىل مىڭئۆيدىكى بۇددانىڭ يارالمىشى هەققىدىكى رەسىملىك چۆچەكلەر ئەينى زاماندا جەمئىيەتنىڭ هەرقايسى ساهەلىرىدە هەققى بولۇپ ئۆتكەن بەزى ۋەقەلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائى مەدەنىيەتكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇنىڭدا هايات - ماماتلىق مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندە دىنى ئەقىدە ۋە هەققانىيەت ئۈچۈن ئىككىلەنمەستىن تۇرۇپ ئۆزىنى قۇربان قىلىش، قېرىلارغا هۆرمەت قىلىش، پەرزەنتلەرنى ئاسراش، ئەر - خوتۇنلار ئىناق ئۆتۈش، راهەت - پاراغەت، جاپا - مۇشەققەتتە ئورتاق بولۇش؛ باشقىلارغا نىسبەتەن كەڭ قوساق بولۇش؛ ئاداۋەت ساقلىماسلىق ۋە



ئۆچ ئېلىشنى ئويلىماسلىق؛ كىشىلەرنى ئەقىل - ئىدرەكلىك بولۇش، راست بىلەن يالغاننى پەرقلەندۈرۈشكە ئۈندەش؛ خان - هاكىملار پۇخرالارغا، پۇخرالار خان - هاكىملارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش قائىدىلىرى؛ خەلقنىڭ دىندارلارغا، دىندارلارنىڭ بۇدداغا، ئۇلارنىڭ هەممىسى ئىلاهقا قانداق مۇئامىلە قىلىش پىرىنسىپلىرى...قاتارلىق جەهەتلەردىكى بۇددىزىم پەلسەپىسى سۆزلەنگەن. بىرمۇنچە چۆچەكلەردە يەنە ئېيپەك يولىدىكى سودىگەرلەر تىلغا ئېلىنغان. ئەگەر بۇ رەسىملىك چۆچەكلەرگە ئورالغان بۇددىزىم تونلىرى يىرتىپ تاشلانسىلا، ئۇ هازىرمۇ بىزگە هەققى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە گۈزەل سەنئەت هوزۇرىنى هىس قىلدۇرىدۇ.

قىزىل مىڭئۆيدە ساقلىنىۋاتقان بۇددانىڭ يارالمىشى هەققىدىكى رەسىملىك چۆچەكلەر 60 تىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ بىرمۇنچىلىرى بۇددا دىنى شىنجاڭغا تارقالغاندىن كېيىن شىنجاڭدا توقۇلغان چۆچەكلەردۇر. بۇنىڭدىكى رەسىملەرنىڭ گۈزەل سەنئەت ئۇسلۇبىدا باشقا جايلاردىكىدىن ئالاهىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان روشەن يەرلىك ئالاهىدىلىكلەر بار. بۇ كىتاپتا قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ئىچىدىن تۆۋەندىكى رەسىملىك چۆچەكلەرنى تاللاپ چىقىپ بۇنىڭغا يەشمە بەردىم. چۆچەكلەرنىڭ يەشمىسىنى تولىراق خەنزۇچە بۇددىزىم كىتاپلىرىغا ئاساسەن ئىشلىدىم. ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن بەزى چاكىنا - تېتىقسىز بۇددىزىم ئەقىدىلىرىنى چىقىرىپ تاشلاشقا ۋە تېكىستلەرنى ئىمكان قەدەر ئىخچام قىلىشقا تىرىشتىم، لېكىن ئۇنىڭدىكى يەر - جاي، شەخس ناملىرىنى ۋە ئاساسي مەزمۇنىنى تولۇق ساقلاپ قالدىم. چۆچەكنىڭ ئەسلى تېكىستىنى كۆرۈشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن كىتاپ مەنبەلىرىنى كۆرسەتتىم:

## 1. خاننىڭ كەپتەرنى قۇتقۇزۇپ لاچىنغا ئۆز بەدىنىدىن گۆش كېسىپ بېرىشى

114 - نومۇرلۇق غارنىڭ تورۇسىدا لاچىن قوغلاپ كېلىۋاتقان بىر كەپتەر بېشىغا تاج تاقاپ ئولتۇرغان بىر كىشىنىڭ قوچىقىغا ئۆزىنى ئېتىۋاتقانلىقى؛ ئۇ كىشىنىڭ ئىككى قولىنى سۇنۇپ كەپتەرگە پانا بولۇشقا تەمشىلىۋاتقانلىقى؛ تاج تاقىغان كىشىنىڭ سول تەرىپىدە بىر كىشى گۆش جىڭلايدىغان تارازا كۆتىرىپ تۇرغانلىقى؛ يەنە بىر كىشى تاج تاقىغان كىشىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىدىن گۆش كېسىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر رەسىم بار. مەزمۇنى بۇنىڭغا ئوخشايدىغان، لېكىن باشقىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن سىزىلغان



59. (114 - غار)



رەسىملەر 17 - ، 38 - نومۇرلۇق غارلاردىمۇ بار. (رەسىملەر 60 - ، 61 - رەسىملەرگە قاراڭ)

بۇ «سۇترا لاڭكارا شاستىر» ناملىق بۇددا تۇغرىسىدىكى مەشھۇر نەزىرىيە ۋە تەپسىرلەر سۆزلىنىدىغان بۇددا كىتاۋىدىكى بىر چۆچەك. بۇ چۆچەكنى مەشھۇر بۇددىزىمچى ئەدىپ ئاشۋاكوشا (رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن بۇرۇن 327 - يىلى ئۆلگەن، لېكىن كۆپ ساندىكى بۇددىزىم تەتقىقاتچىلىرى ئۇنى مىلادى 1 - ئەسىردە ئۆتكەن كىشى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ سانسكرىت يېزىقىدا قالدۇرغان دىنىي داستان، تەزكىرە ۋە دىرامما ئەسەرلىرى ناھايىتى مەشھۇر) يازغان. مىلادى 405 - يىلى كۇچالىق مەشھۇر بۇددىست، تەرجىمان كۇماراجىۋا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان.

بىر كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ شىۋىكا خاننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ پانالىق تىلىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن بىر لاچىن قوغلاپ كەلدى ۋە خانغا مۇنداق دەپ تەلەپ قويدى:

— ھېلى كەلگەن كەپتەر مېنىڭ ئوزۇقۇم ئىدى. ھازىرلا ئۇنى يېمىسەم، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىمەن، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بېرىڭ.

— بارلىق جانلىقنى ئازاپ دېڭىزىدىن قىرغاققا ئېلىپ چىقىش مېنىڭ تۈپ مەقسىدىم، — دېدى خان، — كەپتەر مەندىن پانالىق تىلىدى، مەن ئۇنى قوغداپ قالمىسام توغرا بولمايدۇ.

— بۇ كەپتەرنى يېمىسەم، ھازىرلا ئۆلۈپ كېتىمەن، — دېدى لاچىن، — بىز لاچىن جەمەتى سىز قۇتقازماقچى بولغان «بارچە جانلىق» نىڭ ئىچىدە يوقمۇ؟

— ساڭا باشقا گۆش بەرسەم بولامدۇ؟

— قېنى ئېقىپ تۇرغان يېڭى گۆش بولۇشى كېرەك.

خان: «بىرنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە بىرىنى قۇتقۇزۇشمۇ دۇرۇس ئەمەس» دەپ ئويلىدى ۋە دەرھال ئۆزىنىڭ كاسىسىدىن بىر پارچە گۆشنى كېسىپ ئېلىپ لاچىنغا بەردى.

— كېسىپ بەرگەن گۆشىڭىزنىڭ ئېغىرلىقى كەپتەرنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن ئوخشاش بولسۇن، — دېدى لاچىن، — ئۇنداق بولمىسا قىلغان سەدىقىڭىز تەلتۆكۈس بولمايدۇ.

خان ۋەزىرلىرىگە تەڭپۇڭ تارازا ئەكەلدۈرۈپ، بىر تەرەپكە كەپتەرنى سېلىپ، يەنە بىر تەرىپىگە ئۆزىنىڭ بەدىنىدىن كېسىپ ئېلىنغان گۆشنى سالدى. خاننىڭ گۆشى كەپتەرنى باسالمىدى. خان ئۆزىنىڭ كاسىسىدىكى گۆشنى پۈتۈنلەي شىلىپ ئالغۇزدى، يەتمىگىنىگە پۈتىدىنمۇ قوشۇپ ئاخىر تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، لاچىنغا تەلەپ قىلغىنىچە يېڭى گۆش بەردى...

### 2. سودىگەرلەرنىڭ ئەجدىھادىن قۇتۇلۇشى

بۇ «بۇددا جارىتا كاۋىيا سۇترا» ناملىق بۇددانىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىدىغان داستان (مىلادى 397 - 439 - يىللاردا يەنى شىمالىي لياڭ دەۋرىدە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان) دىكى بىر چۆچەك. ئۇ «سامىيۇكتاراتنا كۇتا سۇترا» ناملىق بۇددا كىتاۋىدىمۇ بار. (رەڭلىك 62 - رەسىمگە قاراڭ)

بىر كۈنى 500 سودىگەر سەپەر جەريانىدا بىر ئورمانلىقتىن ئۆتۈۋاتقاندا، قاتتىق بوران چىقىپ كەتكەنلىكتىن



شۇ يەردە قونۇپ قېلىشقا توغرا كەلدى. ئۇلار بىر دۆڭنىڭ قاپتىلىدا يېتىشتى.

بۇ ئورمانلىقتا بىر ئەجدىھا ياشايتتى. ئۇ ئادىمىزاتنىڭ ھىدىنى پۇراپ قالدى - دە، ئالدىغا كەلگەن بۇنچە مول ئوزۇق - تۈلۈكنى بىر - بىرلەپ يەپ تۈگەتمەكچى بولدى. ئالدى بىلەن سودىگەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. سودىگەرلەرگە خەۋپ يېتىۋاتاتتى...

بۇ ئورمانلىقتا شىر ۋە پىلمۇ ياشايتتى. ئۇلار سودىگەرلەرنى ئەجدىھادىن قۇتقۇزۇپ ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ساۋاپ توپلىماقچى بولدى. شىر مەسلىھەت بويىچە پىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرۇپ قۇيرۇقى بىلەن ئەجدىھانى قاتتىق ئۇردى. ئەجدىھانىڭ بېشى يېرىلىپ مېڭىسى چۇۋۇلدى، لېكىن شىرغا ئۇنىڭ زەھىرى ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ بىردەمدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى. پىلمۇ شىر ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئەجدىھاغا ھۇجۇم قىلغاندا مېڭە قاپقىقى سىلكىنىپ ئاجراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بىردەمدىن كېيىن ئۆلدى. 500 سودىگەر شىر بىلەن پىلنىڭ ۋاپادارلىقىنى مەڭگۈ ئەستە ساقلاش ئۈچۈن سۇتۇپا (خاتىرە مۇنارى) ياساتتى.

### 3. خاننىڭ لەھەڭ بېلىقتا ئايلىنىپ پۇقرالارنىڭ كېسەلگە داۋا بولۇشى

بۇ «پۇرنا مۇكھا ئاۋادانا» ناملىق، ئالدىنقى ئۆمۈردىكى سەۋەپلەر توغرىسىدا سۆزلىنىدىغان بۇددا كىتاۋىدىكى بىر چۆچەك.

www.uyghurkitap.com



63. (114 - غار)

بۇ چۆچەك مىلادى 223 — 253 - يىللاردا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. مىلادى 344 — 413 - يىللاردا كۇچالىق كۇماراجىۋا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان «ماھاپراجنىيا پارامىتا شاستىر» ناملىق ئەقىل - پاراسەت بىلەن ئازاپ دېڭىزىدىن قىرغاققا چىقىش توغرىسىدىكى تەپسىردىمۇ بار. (رەڭلىك 64 - رەسىمگە قاراڭ)

ۋارنا دۆلىتىنىڭ خانى ئادىل، ئاقىل خان ئىدى.



ئۇنى خەلق ھىمايە قىلاتتى.

بىر يىلى ئەلدە قەھەتچىلىك يۈز بەردى ۋە پۇخرالار ئىچىدە بەدەنگە جاراھەت چىقىدىغان بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل تارالدى. خان بۇ كېسەللىكنىڭ پۇخرالار ئاچارچىلىقتا چىدىماي زەھەرلىك دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىمۇ ئۇقماي يەپ قويغانلىق سەۋەبىدىن بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن يارلىق چۈشۈرۈپ، يوپۇرمىقى زەھەرلىك دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى كەستۈرۈۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ بەدىنىدىكى جاراھەتلەر ساقايدى، لېكىن يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ جاراھىتى شىپالىق تاپمىدى. خان بۇ مەسىلە توغرىلىق ئەمچى - تېۋىپلاردىن مەسلىھەت ئالدى. تېۋىپلار ئۇنىڭغا لەھەڭ بېلىقىنىڭ گۆشى، قېنى بىلەن داۋالاشتىن باشقا ئۇنۇملۇك چارە يوقلۇقىنى ئېيتتى. لېكىن بۇنداق قەھەتچىلىك يىلىدا دەريادا سۇ ئازلاپ كەتكەچكە لەھەڭ بېلىق تېپىلمىدى.

خان دەرەخقە چىقىپ ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى - دە، ئۆز ئارزۇسى بويىچە لەھەڭ بېلىققا ئايلاندى. جاراھىتى ساقايمىغان پۇخرالار بۇ لەھەڭ بېلىقنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ گۆشىنى يەپ، قېنىنى ئىچكەندىن كېيىن ھەممىسىنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلدى.

## 4. ئىككى باشلىق قۇش

بۇ چۆچەكنىڭ كىتاپ مەنبەسىمۇ 2 - چۆچەك بىلەن ئوخشاش. (رەڭلىك 65 -، 66 - رەسىملەرگە قاراڭ)

قەدىمدە قارلىق تاغنىڭ ئېتىكىدە شۇنداق بىر قۇش

ياشايتتى. ئۇ قۇشنىڭ ئىككى بېشى بار ئىدى. ئۇ ئادەمنى ئۇخلىغاندا، دۈشمەننىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىر بېشىنى كۆزەت قىلىشقا قوياتتى.

بىرىنچى بېشىغا كۆزەتچىلىك نۆۋىتى كەلگەن كۈنى، تۇساتتىن بىر خىل خۇشپۇراق گۈل قۇشنىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ كەلدى. كۆزەتچى باش بۇ چاغدا: «گۈل بىر، ئۇنى ئىككىگە بۆلۈپ ئولتۇرۇش ئاۋارىچىلىق، ھامان بىر قوساققا كىرىدۇ» دەپ ئويلىدى - دە، ئىككىنچى باش ئويغانغىچە ساقلاپ تۇرمايلا گۈلنى ئۆزى يالغۇز يۇتۇۋەتتى.

قۇش ئويغاندى ۋە بىرنى كېكىرىپ قويدى. ئاشقازىنىدىن بۇرۇن تېتىپ باقمىغان بىر خىل خۇشپۇراق ھىد ئۆرلەپ چىقتى. ئىككىنچى باش بۇ مىزىلىك گۈلنى تەڭ يېيەلمىگەنلىكىنى بىلىپ كۆڭلى يېرىم بولدى ۋە بۇ توغرىلىق بىرىنچى باشتىن قاتتىق رەنجىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككىنچى بېشى كۆزەتچىلىك قىلغاندا، ئالدىغا باشقا بىر خىل خۇشپۇراق گۈل چۈشتى. بۇ ئۆتكۈر ئوغا ئىدى. ئىككىنچى باش بۇنداق ئەھۋالدا «ئۆتكەن قېتىم ئەڭ ئېسىل گۈل چۈشكەندە مەن ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولالمىدىم. بۇ قېتىم مېنىڭ ئالدىمغا ئوغا چۈشتى. بۇنى يەي، ئۇ ئۆلسۇن» دەپ ئويلىدى - دە، ئوغىنى يۇتۇۋەتتى، نەتىجىدە ھەر ئىككى باش تەڭ ئۆلدى.

## 5. ۋاپادار مايمۇننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

بۇ «پىرامىتا سۇترا» ناملىق، ئازاپ دېڭىزىدىن قىرغاققا چىقىش ھەققىدە سۆزلىنىدىغان بۇددا كىتاۋىدىكى بىر



چۆچەك. ئۇ مىلادى 252 - يىلى تۇخرى دۆلىتىدىن كەلگەن دىيىلگەن بىر بۇددىست تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. (رەڭلىك 68 - رەسىمگە قاراڭ)



67. (114 - غار)

بىر ۋاپادار مايمۇن بار ئىدى. ئۇ جانلىقلارغا رەھىمدىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ بىر جىلغىغا مېۋە ئۈزگىلى بارغاندا، بىر ئادەمنىڭ تاغدىن سىرىلىپ چۈشۈپ، جىرادا ھالسىزلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى ۋە دەرھال ئۇ يەرگە بېرىپ، ھوشسىز ياتقان ئادەمنى يۆدۈپ ئۇتلاققا ئېلىپ كەلدى. ھېلىقى ئادەم ھوشىغا كەلدى. مايمۇن ئۇنىڭغا يول كۆرسەتتى ۋە سەپىرىگە ئامانلىق تىلىدى. مايمۇن چارچاپ كەتكەن ئىدى، ئۇ بىردەم ئۇخلاپ ھاردۇق چىقارماقچى بولدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا ئادەمنىڭ نىيىتى بۇزۇلدى. ئۇ: «مەن ئاچ - توق يۈرگىلى بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالدى. يەنە مۇشۇنداق بولۇۋەرسە ئۆلۈپ كېتىشىم مۇمكىن. ھاياتىمنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ مايمۇننى كاۋاپ قىلىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى - دە، دەرھال قولىغا تاش ئېلىپ، ئۇخلاپ ياتقان مايمۇننىڭ بېشىغا ئۇردى، مايمۇن ئۆلدى. ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇپ تاشلاپ، گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ، يېدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ ئادەم ۋاپادار مايمۇننىڭ ئۇۋالىغا قېلىپ 18 - قەۋەت دوزاققا تاشلاندى.

## 6. پىلنىڭ ئۆز گۆشىنى تەقدىم قىلىشى

بۇ «جاتاكامالا» ناملىق يارالمىش چۆچەكلىرى توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن بىر چۆچەك. بۇ توپلام مىلادى 10 - ئەسىردە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. لېكىن بۇ رەسىملىك چۆچەك 17 - نومۇرلۇق غاردا ئۇچرايدۇ. بۇ غارنىڭ يىل دەۋرى ئۇنىڭدىن بۇرۇن. (رەڭلىك 69 -، 70 - رەسىملەرگە قاراڭ)

پىل ئورمانلىقتا ساياھەت قىلىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇملۇق تەرەپتىن كولدۇرما ئۈنى بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

قۇملۇقتا نۇرغۇن ئادەم خۇددى كارۋاندەك كېلەۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئۇسساپ كەتكەن، ئورۇق تەنلىرىدە مادار قالمىغان ئىدى. پىل بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن ئەھۋاللاشقىلى باردى ۋە: «نىمە بولغان ئادەملەر سىلەر؟» دەپ سورىدى.



— بىز ئەسلىدە خان تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان 1000 كىشى ئىدۇق. يولدا بىر قىسىم كىشىلەر ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى، ھازىر 700 كىشى قالدۇق...

— بۇ كۆرۈنگەن تاغنىڭ قاپتىلىدا، — دەپ ئۇزۇن تۇمشۇقى بىلەن يول كۆرسەتتى پىل، — نىلۇپەر گۈللىرى ئېچىلىپ تۇرغان بىر كۆل بار، شۇ يەردە ئەمدىلا تاغدىن يىقىلغان بىر پىل ياتىدۇ. شۇ يەرگە بارساڭلار گۆشكە، سۇغا ئىگە بولىسىلەر.

پىل بۇ سۆزنى قىلىپلا دەرھال تاققا قايتتى. ئۇ ئىلاھنى تىلىغا ئېلىپ: «ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان جانلىقلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزەمنىڭ ئەت - ۋۇجۇدۇمنى بېغىشلىدىم» دىدى - دە، ئۆزىنى تاغدىن تاشلىدى.

سۈرگۈنلەر بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى ۋە پىلنى سويۇپ، ئۇنىڭ گۆشىنى ئوزۇق قىلدى، ئۇنىڭ ئۈچەيىگە سۇ قاچىلاپ داۋاملىق يولىغا راۋان بولدى.

## 7. مايمۇن پادىشاسىنىڭ كۆۋرۈك سېلىشى

بۇ «پرامىتا سۇترا» ناملىق بۇددا كىتاۋىدىكى چۆچەك. ئۇ مىلادى 252 - يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. (رەڭلىك 71 -، 72 - رەسىملەرگە قاراڭ)

مايمۇنلار ئورمانلىقتا ئۆز پادىشاسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ناھايىتى بەختلىك ياشايتتى.

بىر يىلى قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى. ئورمانلىقتا مېۋە بولمىدى. مايمۇنلار ئارىسىدا ئاچارچىلىق پەيدا بولدى.

تاغنىڭ باغرىدىكى خان شەھىرىدە خان ئوردىسىنىڭ

كاتتا بىر بېغى بار ئىدى. بۇ باغدىكى مىۋىلەر شاخ-شېخىدا مەي بولۇپ پىشقان ئىدى. مايمۇن پادىشاسى پۇخرالىرىنى باشلاپ بۇ باققا مىۋە ئوغرىلىغىلى كىردى. باغۋەن ئەھۋالنى خانغا مەلۇم قىلدى. خان بىرمۇنچە ئوۋچىلارنى بۇ يەرگە ئەۋەتتى.

مايمۇنلار قاچماقچى بولغاندا، ئۇلار ئاللىقاچان قورشىلىپ قالغان ۋە يولىمۇ توسۇلۇپ بولغان ئىدى. مايمۇنلار ئوۋچى يوق تەرەپنى پەملىدى-دە، شۇ تەرەپكە قاچتى. لېكىن ئۇ تەرەپتە بىر جىلغا بار ئىدى، ئۇنىڭ تېگىدە ئېقىن بار ئىدى. مايمۇنلار بۇ يەردىن ئۆتەلمەي ياكى كەينىگە يانالماي قالدى، ئوۋچىلار قوغلاپ كېلىۋاتاتتى.

مايمۇن پادىشاسى ئوت-چۆپتە ئاغامچا توقۇدى ۋە ئۇنى پۇتىغا باغلاپ جىلغىنىڭ بۇ تەرىپىدىكى دەرەختىن ئۇ تەرەپتىكى دەرەخكە ئۆزىنى ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر كۆۋرۈك ھاسىل بولدى. پۇخرا مايمۇنلار بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتتى ۋە خەۋپتىن قۇتۇلدى. مايمۇن پادىشاسىنىڭ قولى ئېغىرلىققا بەرداشلىق بېرەلمەي مۈرىسىدىن ئاجراپ كەتكەن ئىدى، ئۇ ھوشىدىن كېتىپ جىلغىغا يىقىلىپ چۈشتى، ئوۋچىلار ئۇنى تۇتۇۋالدى.

شەھەردىكى خان بۇ ئەھۋالنى تەپسىلى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «مەن ئادەم خانى تۇرۇغلۇق پۇخرالارغا كۆيۈنۈشۇم مايمۇنچىلىك بولماپتۇ» دېدى ۋە مايمۇن پادىشاسىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن مايمۇنلارنى ئۆلتۈرمەسلىك توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى.



## 8. خاننىڭ ئۆز بېشىنىمۇ سەدىقە قىلىشى

بۇ «داماموكى نىدانا سۇترا» ناملىق، ئاقىللىق ۋە نادانلىقنىڭ سەۋەبلىرى سۆزلىنىدىغان بۇددا كىتاۋىدىكى بىر چۆچەك. ئۇ مىلادى 445-يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. (رەڭلىك 73-، 74-رەسىملەرگە قاراڭ)

پرادىيا (سانسكرىت مەنىسى مەشئەل) خان بىر كۈنى ئىختىيارسىز ھالدا: «ئالەمگە خان بولدۇم، ئاغزىم ئالتۇن، سۆزۈم قاشتېشى بولدى، ھېچكىم مېنىڭ سۆزۈمنى يەردە قويمايدۇ، بارچە گۈزەللىك، خۇشپۇراقلىقلاردىن قانداق بەھرىمەن بولۇش، ھوزۇر ئېلىش ئۆز ئىختىيارىمدا! ئەگەر بۇ ئۆمرۈمدە مۇشۇنداق قىلىۋەرسەم، ئۇ دۇنيالىغىم ئۈچۈن ھېچقانداق ياخشىلىق توپلاپ ئالماسام بولامدۇ؟» دەپ ئويلىدى ۋە دۆلەت غەزىنىسىنى ئېچىپ سەدىقە قىلىش قارارىغا كەلدى.

خۇشنا دۆلەتنىڭ خانى پرادىيا خاننىڭ سەدىقە قىلىش ئارقىلىق ئالەمدە تېخىمۇ ياخشى نام-شۆھرەت قازىنىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ئەنسىرەشكە باشلىدى ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدىغان بىر ئامال تېپىش ئۈچۈن ۋەزىرلەرنى مەسلىھەتكە چاقىردى. ئاخىرى «كىمگە نېمە كېرەك بولسا، شۇنى سەدىقە قىلىمەن» دېگەن ۋەدىسىنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ پرادىيا خاننىڭ ئابرويىنى تۆكۈش قارارىغا كېلىشتى ۋە بۇ ئىشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى.

ئەۋەتىلگەن براھمان 7 كۈن يول مېڭىپ پرادىياخاننىڭ دۆلىتىگە كەلدى-دە: «ماڭا ئۆز بېشىڭىزنى سەدى-

قە قىلىپ بېرىدىك» دەپ تەلەپ قويىدى. ۋەزىرلەر بۇلداق تەلەپنى قويۇشقا ۋە ئۇنى ئورۇنلاپ بېرىشكە قارشى تۇردى. خان ئۇلارغا چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دېدى:

— مەن نۇرغۇن قېتىم دۇنياغا تۆرەلدىم ۋە نۇرغۇن قېتىم جېنىمدىن ئايرىلدىم. لېكىن بەختىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتەلمىدىم. ھازىر ياخشىلىقنى ئۈزۈل-كېسىل بىجا كەلتۈرۈش پۇرسىتى كەلدى. نۇرغۇن گۇنا سادىر قىلغان بېشىمدىن قۇتۇلالايدىغان بولدۇم. بۇنىڭ بەدىلىگە بۇددا بولۇپ يېتىلسەم، سانسىز جانلىقلارغا بەخت كەلتۈرەلەيمەن...

براھمان قىلىچنى كۆتىرىپ خاننىڭ بېشىنى كېسىپ ئالماقچى بولغاندا، بىر ئىلاھى كۈچ پەيدا بولۇپ براھماننى ھوشسىز قىلىپ قويىدى. پرادىيا خان ئىلاھقا: «مەن 999 ياخشىلىقنى بىجا كەلتۈرۈپ بولدۇم. ئەڭ ئاخىرىدا يەنە بىر قېتىملىق ياخشىلىقنى ئورۇنلاش قالدى، رۇخسەت قىلغايسىز» دەپ ئىلتىجا قىلدى. براھمان ھوشىغا كەلدى. خان ئۇنىڭغا: «بېشىمنى كېسىپ قولۇمغا بەر، سەدىقىنى قولۇمدىن ئال» دېدى.

براھمان خاننىڭ بېشىنى كەستى، لېكىن خاننىڭ دىگىنى بويىچە ئىش قىلماي، كېسىلگەن باشنى يەرگە تاشلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرنى دەسسەپ قويۇپ ئۆز يولىغا كېتىپ قالدى.

براھمان ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كېتىۋاتقان يول ئۈستىدە ئۆز خاننىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئۆزىمۇ شۇ ئەسنادا قان قۇسۇپ ئۆلدى ۋە دوزاققا كىردى.



## و. ماھاساتۋىنىڭ يولۋاسقا يەم بولۇشى

بۇ «سۇۋارنا پراپاسا سۇترا» (ئالتۇن ياروق) تىكى بىر چۆچەك. بۇ كىتاب مىلادى 397 — 439 - يىللاردا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچىسى تۇرپاندىن تېپىلغان. ئۇنى ئا. فون گاباىىن قايتىدىن تەتقىق قىلغان (قەدىمقى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى، 1974 - يىل، ۋىسبادىن نەشرى، 294 - بەتكە قاراڭ). مۇشۇ مەزمۇندىكى سۈرەتلىك چۆچەك قىزىل مىڭئۆينىڭ 17 -، 38 -، 47 -، 114 - غارلىرىدا بار. (رەڭلىك 75-77 - رەسىملەرگە قاراڭ)

چامبودۋىپ دۆلىتىدە ماھارادى ئىسىملىك بىر خان بار ئىدى. ئۇنىڭ چوڭ خانىشىدىن تۇغۇلغان ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئەڭ كىچىك ئوغلىنىڭ ئىسمى ماھاساتۋى ئىدى.

بىر كۈنى خان ئۈچ شاھزادىسىنى ئەگەشتۈرۈپ سەيلىگە چىقتى. شاھزادىلەر خاندىن رۇخسەت ئېلىپ گۈل-چىچەك تەرگىلى ماڭدى، ئۇلار مېڭىپ-مېڭىپ بىر قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ قالدى، ئۇ يەردە يېڭىدىن كۈچۈكلىگەن بىر يولۋاسنى كۆرۈپ قالدى. يولۋاس كۈچۈكلىگىلى 7 كۈن بولغان، لېكىن يەيدىغان ئوزۇق تاپالماي ئېچىرقاپ، ماغدۇرسىزلىنىپ يېتىپ قالغان ئىدى.

ماھاساتۋى شاھزادە بۇ يولۋاسنىڭ ئازاپ چېكىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى قۇتقۇزماي كېتىشكە كۆڭلى قىيمىدى-دە، ئۆزى ئاچ يولۋاسنىڭ ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتتى. ئاچ يولۋاس ۋە ئۇنىڭ باللىرى ماغدۇرسىز بولغاچقا

ئۇنى چىشلەپ پارچىلاشقا كۈچى يەتمىدى. شاھزادە قولىغا ئۇچلۇق ياغاچ ئېلىپ، ئۆزىنىڭ تومۇرلىرىغا سانجىپ قان ئاققۇزۇپ، ئاچ يولۋاسلارنىڭ يېنىغا قايتىدىن باردى...

بۇ چاغدا تەڭرىلەر ئاسماندىن چۈشۈپ، شاھزادىنىڭ ساپ ئەقىدىسى ۋە مېھرىبانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ، قوشاق قوشتى.

ئاچ، ماغدۇرسىز يولۋاسلار شاھزادىنىڭ قېنىنى شوراپ ماغدۇرلىنىپ، ئاخىرى ھەممە گۆشلىرىنى يەپ بولدى، ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىلا قالدى...

## 10. كەپتەرنىڭ مېھمان كۈتۈشى

بۇ «ماھاپراجنىيا پاراميتا سۇترا» ناملىق ئۇلۇغ ئەقىل ئارقىلىق قىرغاققا يېتىپ بېرىش توغرىسىدا سۆزلىنىدىغان بۇددا كىتاۋىدىكى بىر چۆچەك. ئۇ مىلادى 344 — 417 - يىللاردا كۇچالىق بۇددىست كۇماراجىۋا تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. (رەڭلىك 78 - رەسىمگە قاراڭ)

بۇرۇن (سانسكرت مەنىسى قارلىق تاغ) دا بىر چىرايلىق كەپتەر ياشايتتى.

بىر كۈنى، بىر دىخان سەپەر ئۈستىدە بۇ تاغنىڭ بىر جىلغىسىدىن ئۆتۈۋاتقاندا يولنى پەرق ئېتەلمەي ئېزىپ قالدى، ھېرىپ - چارچىغانلىقىنىڭ ئۈستىگە ئاچلىق قوشۇلۇپ مادارى قالمىدى.

چىرايلىق كەپتەر بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ مېھماننى ئوبدان كۈتۈۋالماقچى بولدى. ئۇ دىخان



ياققان گۈلخانغا پاخال تېرىپ ئەكەلدى ۋە ئوت تازا ئۇلۇق كۆيگەندە ئۆزى ئوتقا سەكرەپ چۈشۈپ، دىخان ئۈچۈن بىر ۋاقلىق كاۋاپ بولۇپ بەردى.

## 11. خاننىڭ ئۆز قولىنى مەشئەل قىلىشى

خەنزۇچىغا ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان «بۇددىزىم لۇغىتى» 15 - توم 2690 - بەتتە بۇ چۆچەكنىڭ مەزمۇنىغا ئالاقىدار بىر بۇددا كىتاۋىنى كۇچالىق بۇددىست كۇماراجىۋا (مىلادى 344 — 417 - يىللار) تەرجىمە قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. (رەڭلىك 79 -، 80 - رەسىملەرگە قاراڭ)

500 سودىگەر سەپەر ئۈستىدە بىر قاراڭغۇ جىلغىغا كىرىپ قالدى، يولنى كۆرەلمىدى. ئۇ يەردە توختاپ قېلىش خەتەرلىك ئىدى. مۇشۇ دۆلەتنىڭ خانى بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۇلارنى قۇتقازغىلى باردى. ئۆزىمۇ يۆنۈلۈشنى پەرق ئېتەلمەي قالدى ۋە دەرھال ئۆزىنىڭ ئىككى قولىنى ياققا چىلاپ ئۇنىڭغا ئوت ياقتى. سودىگەرلەر بۇ ئۆچمەس مەشئەلنىڭ نۇرىدا يول تېپىپ قاراڭغۇ جىلغىدىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كەتتى.

## 12. ۋاپاسىز سودىگەرنىڭ تاشپاقىنى ئۆلتۈرۈشى

بۇ «جاكاتا سۇترا» ناملىق يارالمىش چۆچەكلىرى سۆزلىنىدىغان بۇددا كىتاۋىدىكى بىر چۆچەك. ئۇ مىلادى 285 - يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. «ساميۇكتا راتنىا كۇتا سۇترا» دىمۇ بۇ چۆچەكنىڭ يەنە

بىر خىل ئىپتىلىشى خاتىرىلەنگەن. (رەڭلىك 81 - رەسىمگە قاراڭ)

باراناس شەھىرىدىكى 500 سودىگەرنىڭ ئاقساقىلى «ۋاپاسىز» لەقەملىك كىشى ئىدى. ئۇ بىر كۈنى سودىگەرلەرنى باشلاپ دېڭىزغا ئۈنچە - مەرۋايىت تەرگىلى باردى. ئۇلار قايتىپ كېلىۋاتقاندا، راكشاسلار (جىن - ئالۋاستىلار) چاتاق چىقىرىپ، كېمە ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالدى. بۇنداق جىددىي ئەھۋالدا قالغاندا «ۋاپاسىز» دېڭىز ئەھلىلىرىگە مۇراجىئەت قىلدى: «قايسى جانلىق بىزنى قۇتقۇزۇپ قويسا، ئۇنىڭغا نەچچە ئۆمۈر ۋاپا كەلتۈرەمەن!»

دېڭىزدا گەۋدىسى ناھايىتى چوڭ، دۈمبىسىدىكى قاسىرىقى بىر پارچە ئېتىزدەك كەڭرى بىر تاشپاقا بار ئىدى. ئۇ سودىگەرلەرگە رەھىم قىلىشقا نىيەت قىلدى ۋە ئۇلارنى دۈمبىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ قىرغاققا چىقىرىپ قويدى.

تاشپاقا كۆپ قېتىم ئادەم توشۇش جەريانىدا ناھايىتى چارچاپ كەتكەن ئىدى. بۇ ئاخىرقى قېتىم قىرغاققا چىققاندىن كېيىن بىردەم ئۇخلاپ ھاردۇق چىقارماقچى بولدى.

سودىگەرلەرنىڭ ئۇزۇق - تۈلۈكى دېڭىزدا قالغانلىقتىن، قىرغاققا چىقىپ بولغاندا قورسىقى ئېچىپ كەتتى. بۇ چاغدا «ۋاپاسىز» نىيىتىنى بۇزدى - دە، دەرھال قولىغا تاش ئېلىپ تاشپاقىنىڭ بېشىغا ئۇردى، تاشپاقا ئۆلدى. «ۋاپاسىز» باشقىلارنىڭ ئېيىپلىشىگە قارىماي، تاشپاقىنىڭ گۆشىنى كاۋاپ قىلىپ يېدى.

بۇ چاغدا ئاللىقاچان كەچ كىرگەن ئىدى. «ۋاپاسىز» شەھەرگە قايتىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، شۇ كېچىسى بۇ يەردىن ئۆتكەن بىر توپ پىل «ۋاپاسىز»



www.uyghurkitap.com

لى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاشپاقىنىڭ گۆشىنى يېگەنلەرنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويدى.

## 13. ئوتۇنچىنىڭ ئېيىقنى ئوۋچىغا كۆرسىتىپ قويۇشى

بۇ «ماھاپراجنىيا پارامىتا سۇترا» دىكى بىر چۆچەك ئىدى. ئۇ مىلادى 344 — 417 - يىللاردا كۇچالىق كۇماراجىۋا تەرىپىدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. (رەڭلىك 83-، 84 - رەسىملەرگە قاراڭ)

باراناس شەھىرىدە بىر كەمبەغەل كىشى بار ئىدى. ئۇ ئوتۇنچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كۆچۈرەتتى. ئۇ بىر كۈنى تاققا ئوتۇنغا بارغاندا قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى، كەينىدىنلا شاقىراپ يامغۇر ياغقىلى تۇردى. ئۇ مىڭ تەستە بىر ئۆڭكۈرنى تېپىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

بۇ ئۆڭكۈردە بىر ئېيىق ياشايتتى. ئۇ ئوتۇنچىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىن چىقىپ: «ھەي ئادىمىزات، قورقماڭ، سىزدەك مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان كىشىگە ھەرگىزمۇ زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمەن» دېدى ۋە سۇغا چۈشكەن توخۇدەك بولۇپ قالغان ئوتۇنچىنى باغرىغا ئېلىپ ئىسسىتتى، يېمىشكە مېۋە بەردى.

7 كۈندىن كېيىن يامغۇر توختىدى. ئوتۇنچى ئۆيىگە قايتماقچى بولدى ۋە ئېيىقتىن قانداق ۋاپا تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى سورىدى.

— مېنىڭ تۇرار جايىمنى، — دېدى ئېيىق، — ئوۋچىغا ئېيتىپ قويمىسىڭىزلا بولىدۇ.



82. (114 - غار)

يولدا ئوتۇنچىغا بىر ئوۋچى ئۇچرىدى. ئۇلار 7 كۈنلۈك يامغۇردا ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشتى. ئوۋچى ئوتۇنچىنىڭ ھىكايىسىدىن بۇ جايدا ئېيىق بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆڭكۈرى بار جاينى بىلىدىغانلىقىنى بىلدى - دە، ئوتۇنچىدىن ئېيىقنىڭ «مەخپىيەتلىكى» نى پۇلغا سېتىۋالدى. ئوتۇنچى ئوۋچىنى باشلاپ بېرىپ ئېيىقنىڭ ئۆڭكۈرىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئوۋچى بۇنداق قولايلىق يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ئېيىقنى ئاسانلا ئېتىپ ئۆلتۈردى.

## 14. تۇلپارنىڭ سودىگەرلەرنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈشى

بۇ «پرامىتا سۇترا» ناملىق ئېقىل ئارقىلىق ئازاپ دېڭىزىدىن قىرغاققا چىقىش مەسىلىلىرى سۆزلىنىدىغان بۇددا



كىتاۋىدىكى بىر چۆچەك ئىدى. ئۇ مىلادى 252 - يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. مىلادى 397 — 439 - يىللاردا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «بۇددا جارىتا كاۋسىيا سۇترا» دىمۇ بار. (رەڭلىك 85 - رەسىمگە قاراڭ)

قەدىمدە بىر ئاتلار پادىشاسى بار ئىدى. ئۇنى بولۇتلار ئارا ئۇچىدىغان تۇلپار دەپ ئاتىشاتتى. بۇ تۇلپار ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۇنىڭ تۈكلىرى كۈمۈشتەك ئاق، كىشنىگەن ئاۋازى ئىنتايىن سادالىق ئىدى.

بىر كۈنى 500 سودىگەر كېمىلەرگە ھەددى - ھىساپسىز ئۈنچە - مەرۋايىت بېسىپ، دېڭىز ئارقىلىق باشقا بىر ئەلگە تىجارەت ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇزۇن ماڭمايلا راكشاسلار (ئېزىتقۇ - جىنلار) ئۇلارنى يۆنىلىشتىن ئازدۇرۇپ، راكشاس شەھىرىگە ئېلىپ كەلدى. بۇ شەھەرنىڭ سېپىلى كۈمۈشتىن ياسالغان، ئېگىز - ئېگىز راۋاقلىرى بار، بېزەك - زىننەتلىرى تولىمۇ ھەشەمەتلىك، ھەممىلا يېرى خۇشپۇراقلىق ئىدى. سودىگەرلەر بۇ شەھەرنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى.

راكشاس خوتۇنلار سودىگەرلەرنى قارشى ئالغىلى چىقتى ۋە بىر - بىردىن باشلاپ ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، مىزىلىك تائاملارنى بېرىپ مېھمان قىلدى ۋە توي قىلىشتى. سودىگەرلەر خېيىم-خەتەردىن قۇتۇلۇپ، بۇنداق كارامەتكە ئېرىشەلىگەنلىكىگە خۇرسەن بولۇشتى. خوتۇنلار سودىگەرلەرگە سېپىلدىن چىقىپ كەتمەسلىكنى جېكىدى ۋە چىقىپ كەتسە خەتەرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىشتى.

سودىگەرلەرنىڭ ئاقساقىلى ئېقىللىق ھەم تەجرىبىلىك كىشى ئىدى. ئۇ راكشاس خوتۇن ئۇيقۇغا كەتكەندە غىپپىدە سىرتقا چىقتى ۋە بىر تۇمۇر راۋاقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپنى كۆزەتتى: شەھەر ئىچى ئادەمزات سۆڭەكلىرى بىلەن تولغان ئىدى. ئۇ يەر - بۇيەردىن يەنە ئادەمزاتنىڭ زارلانغان، چىقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى... شۇ ۋاقىتتا يەنە قولىقىغا مۇنداق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى: «بۇ شەھەرگە راكشاسلار ئازدۇرۇپ كەلگەنلەرنىڭ تولىسى سودىگەر، ئۇلارنى ئاۋۋال راكشاس خوتۇنلار ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىدۇ. قىلىدىغان تاماشىسى تۈگىگەندىن كېيىن ئۇلارنى قاماپ قويۇپ، بىر - بىرلەپ ئېلىپ چىقىپ گۆشىنى يەيدۇ. ئۆتكەن قېتىم ئېلىپ كېلىنگەنلەرمۇ 500 سودىگەر ئىدى، ھازىر ئازلا كىشى قالدى ۋە ئۆز ئۆلۈمىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ...»

ئاقساقال بۇ غايىپ ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭدىن قانداق قىلغاندا قۇتۇلغىلى بولىدىغانلىقىنى سورىدى.

— تولپارنى چىن كۆڭۈلدىن سېغىنىپ چاقىرىڭلار، — دېدى ھېلىقى غايىپ ئاۋازنىڭ ئىگىسى بولغان تەڭرى.

ئاقساقالنىڭ ھەمراھلىرىدىن بىر نەچچىسىمۇ بۇ چاغدا ئوغرىلىقچە سىرتقا چىققان ئىدى. ئۇلار قېچىش پىلانىنى تۈزدى ۋە بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىپ بىردەك ھەرىكەت قىلدى.

سودىگەرلەر تولپارغا مىنىپ بىر - بىرلەپ قېچىشقا باشلىغاندا، راكشاس خوتۇنلار ئۇلاردىن ئايرىلىشقا كۆڭلى قىيمىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ يىغلىشىپ، «ئەرلىرى» نىڭ كەتمەسلىكىنى تىلەپ، شەھەر سېپىلى بويىغا كەلگەندە،



تولپار ئەڭ ئاخىرقى ئىككى كىشىنى مىندۈرۈپ كۆككە ئۆرلىدى...

### 15. مارال پادىشاسىنىڭ خان ئوردىسىغا بېرىشى

بۇ «پرامىتا سۇترا»، «ماھاپراجنىيا پارامىتا شاسترى» دېگەن بۇددا كىتابلىرىدىكى بىر چۆچەك. (رەڭلىك 87 - رەسىمگە قاراڭ)

مارال پادىشاسىنىڭ گەۋدىسى چوڭ، مۈڭگۈزى ئۇزۇن، تۈكلىرى چىپار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ باشقا ماراللارنى باشلاپ ئوتلاققا چىقتى. شۇ كۈنى خانمۇ شىكارغا چىققان ئىدى. ماراللار ئۈركۈپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى. بىر مۈنچىسى ياردىن يىقىلىپ ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى.



86. (14 - غار)

مارال پادىشاسى پۇخرالىرىنىڭ ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن خاننىڭ ئالدىغا ئۆزى باردى ۋە: «بىز زېمىنىڭىزدا ياشاۋاتقان ھايۋانلارنىڭ بىر خىلى، بىزگىمۇ خەيرىخاھلىق قىلسىڭىز!» دەپ ئىلتىجا قىلدى.

خان رەھىمسىز ئىدى. شۇڭا ئۇ مارالغا: «ماڭا كۈندە بىر مارال ئەكېلىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلساڭ، پۇخرالىرىڭنى ئوۋلاش ئۈچۈن شىكارغىمۇ چىقمايمەن» دەپ ئېغىر ھەم رەھىمسىز شەرت قويدى.

مارال پادىشاسى خانغا ئىتائەت قىلىشنى ئەدەپ دەپ بىلەتتى، شۇڭا خاننىڭ شەرتىنى بىجا كەلتۈرۈشكە رازى بولدى.

بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن خانغا ئوزۇق بولۇش نۆۋىتى كەلگەن بىر چىشى مارال ئۇنىڭغا قوسىقىدىكى ئوغلىنى تۇغۇپ ۋە باشقىلارنىڭ بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇشىغا ھاۋالە قىلىپ قويۇپ ئاندىن بېرىشنى ئۆتۈندى. مارال پادىشاسى بۇ چىشى مارالغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى بېرىشنى قارار قىلدى.

مارال پادىشاسى خان ئوردىسىغا بېرىپ سويۇلۇشنى كۈتۈپ تۇرغاندا، قاسساپلار ئۇنى تونۇۋالدى. خان ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، مارال پادىشاسىنىڭ سەممىيلىكىدىن تەسىرلىنىپ، ئۇنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن مارال ئوۋلىماسلىق توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. كىمدە-كىم ماراللارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزسە ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدىغانلىقىنى جاكالىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مارال-لار خاتىرجەم كۆپىيىپ، شات-خۇرام ياشايدىغان بولدى.



## 16. «ئالتۇن كېيىك» نىڭ تېرە تەقدىم قىلىشى

بۇ «كىراماكارا بۇدساتىۋا سۇترا» ناملىق بۇدساتىۋا-لارنىڭ يېتىلىشى ھەققىدە سۆزلىنىدىغان بۇددا كىتاۋىدىكى بىر چۆچەك. بۇ ئۈچ بەگلىك دەۋرىدە (مىلادى 222 — 280-يىللار) دە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان.
(رەڭلىك 8.8-رەسىمگە قاراڭ)

باراناس دۆلىتىنىڭ خانى براھماداتتا ئىنتايىن زالىم ئىدى. بىر كۈنى كېچىدە ئۇ چۈش كۆردى، چۈشىدە شۇنداق بىر كېيىكنى كۆردىكى، ئۇ كېيىك تاغدىكى زەھەرلىك قۇرۇت-قوڭغۇزلار بار بىر ئورمانلىقتا ياشاۋاتاتتى، تېرىسى ئالتۇندەك نۇر چاقنىتىپ تۇراتتى...

خان ئۆز ئېلىدىكى پۈتۈن ئوۋچىلارنى يىغىپ كېلىپ، ئۇلارغا «ئالتۇن كېيىك» نى تۇتۇپ تېرىسىنى ئەكېلىپ بېرىش توغرىلىق يارلىق چۈشۈردى. ئەگەر ئۇنى ئەكەلمىسە، ئۇلارنى ئۇرۇق-جەمەتى بىلەن بىرلىكتە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى جاكالىدى.

يۈزلىگەن ئوۋچىلار ئورمانلىققا كەلدى. بىر مۇنچىسىنى زەھەرلىك قۇرۇت-قوڭغۇزلار چېقىپ، جېنىدىن جۇدا قىلدى. قۇرۇتلار ئوۋچىلارنى چېقىشقا يېتىشىپ بولالماي تۇرغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئوۋچىلار ئالغا ئىلگىرىلەپ ماڭدى ۋە بىر چاتقاللىققا كىرىپ قالدى. ئۇلار بۇ چاتقاللىقتا ئۇسساپ تىنجىقتا دېمى سىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى.

«ئالتۇن كېيىك» بۇ ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بىر ئوۋچىنى ئۆزىنىڭ كىچىك گەۋدىسى بىلەن يۆدۈپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىڭ مۇشەققەتتە بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدىكى سۈزۈك بۇلاق بويىغا ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا مىۋە يىگۈزۈپ قويدى. ئۇۋچى ھوشىغا كەلدى ۋە خان ئېيتقان «ئالتۇن كېيىك» نى كۆردى. ئۆزىنىڭ قۇتقۇزۇلۇش جەريانىنىمۇ چۈشەندى.

— مېنىڭ ئىنىم، — دېدى ئالتۇن كېيىك، — مېنى ئادەمزاتنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرسۇن!

ئۇۋچى ئالتۇن كېيىكنىڭ تېرىسىنى سويۇپ خانغا ئاپىرىپ بەردى. ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان مىڭلىغان ئىنسانلار ئالتۇن كېيىكنىڭ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتىنى تىللاردا داستان قىلىپ ئەستە ساقلاپ قالدى.

## 17. توشقاننىڭ ئۆزىنى كاۋاپ قىلىشى

بۇ «پىرامىتا سۇترا» دېگەن بۇددا كىتاۋىدىكى بىر چۆچەك ئىدى. ئۇ مىلادى 285 - يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. (رەڭلىك 89 - ، 90 - رەسىملەرگە قاراڭ)

120 ياشقا كىرگەن بىر براھمان (قەدىمقى ھىندىستاندىكى زىيالىيلار تەبىقىسىنىڭ نامى) كىشىلىك ھاياتتىن زېرىكىپ، تاغدىكى بىر ئورمانلىققا كېلىپ بۇلاق سۈيى ئىچىپ، ياۋا مىۋە يەپ ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى.

ئورمانلىقتا ياشىغۇچى توشقان قاتارلىق ھايۋاناتلار بوۋاينىڭ كىتاب ئوقۇغان ئاۋازىنى دائىم ئاڭلاپ تۇردى ۋە ئۇنىڭغا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ياخشىلىق قىلىشنى ئويلىدى.

بىر يىلى ئورمانلىقتا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى بولۇپ مىۋىلەر ئۇخشىمىغان ئىدى. شۇ يىلى قىشتا بوۋاينىڭ



ئوزۇق - تۈلۈگى ئۈزۈلۈپ قېلىپ ۋە سوغۇقتا توڭۇپ كېتىپ، بۇ ئورمانلىقتىن كېتىشكە مەجبۇر بولدى. توشقان قاتارلىق ھايۋاناتلار ئۇنىڭغا تەمىنات يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇنى بۇ يەردە ئۇزۇنراق تۇرغۇزماقچى بولدى. مايمۇن پۈتۈن قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ، يىراقتىكى ئورمانلىقلاردىن مىۋە تېپىپ ئەكىلىپ بەردى. تۈلكە ئادەم سىياقىغا كىرىپ، مەھەللىلەرگە بېرىپ تىلەمچىلىك قىلىپ تاپقان ئەكېلىپ بەردى. سۇ چاشقىنى دەرياغا چۈشۈپ بېلىق تۇتۇپ ئەپكەلدى... لېكىن توشقان ھېچنېمە تېپىپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قاتتىق خىجالەت بولدى. ئاخىرى ئويلاپ - ئويلاپ، تەمەچ تېرىپ كېلىپ گۈلخان ياقتى ۋە «ئۆزەم كىچىك بولساممۇ ئۆزلىرىگە بىر كۈنلۈك ئوزۇق بولغايمەن!» دەپ ئۆزىنى گۈلخانغا تاشلىدى. ئاگنى (ئوت ئىلاھى) توشقاننىڭ سەمىمىيلىكىنى چۈشىنىپ دەرھال ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى. بوۋايمۇ توشقاندىن تولۇق رازى بولدى ۋە ھەرقانداق قىيىنچىلىق بولسىمۇ ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىپ، بۇ ئورمانلىقتىن كەتمەي ئۇلارغا داۋاملىق ئايەت ئوقۇپ بېرىشكە بەل باغلىدى.

## 18. شىرنىڭ مايمۇنغا ياردەم بېرىشى

بۇ كۇماراجىۋا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان «ماھاپراجنيا پارامىتا شاستىر» ناملىق بۇددا كىتاۋىدىكى بىر چۆچەك. (رەڭلىك 91 - ، 92 - رەسىملەرگە قاراڭ)

پىل بويى ياشىرىپ تۇرىدىغان، مېۋىسى مول، ئەتراپىدا سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان بىر

گۈزەل ئورمانلىقتا خىلمۇ-خىل ھايۋاناتلار ياشايتتى. قاناتلىقلارغا بۈركۈت، ئاياقلىق-تۇياقلىقلارغا شىر پادىشا ئىدى. بۈركۈت تولا چاغلاردا ئۇششاق ھايۋاناتلارغا چاڭ سېلىپ جېدەل-ماجرا تېرىيتتى، باشقىلار ئۇنىڭغا نارازى ئىدى.

بىر كۈنى شىر پادىشانىڭ خوشنىسى شىمپەنزى مايمۇن يېڭى تۇغقان بالىسىنى شىرغا ھاۋالە قىلىپ قويۇپ، ئۆزى مېۋە تېرىپ كەلگىلى چىقىپ كەتتى. شىرمۇ كىچىك شىمپەنزىگە ناھايىتى ئامراق بولۇپ قالغان ئىدى. شىر ئۇنى بىردەم ئويناتقاندىن كېيىن ئۇيقۇسى كەلدى ۋە كىچىك شىمپەنزىنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ قالدى. بۈركۈت بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ دەرھال ئۇچۇپ كېلىپ، كىچىك شىمپەنزىنى قاماللاپ ئېلىپ قاچتى.

دەل مۇشۇ پەيتتە ئانا مايمۇن قايتىپ كەلدى ۋە شىرنى ئويغاتتى. شىر ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن قاتتىق خىجالەت بولدى ۋە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بۈركۈتكە: «سەن ئۆزەڭ بىر پادىشا تۇرۇپ يەنە ئادالەتسىز ئىش قىلىۋاتىسەن. ئەگەر كىچىك شىمپەنزىنى ساق-سالامەت قولىمىزغا قايتۇرۇپ بەرمىسەڭ ۋە مۇندىن كېيىن مۇنداق گۇنانى سادىر قىلماسلىققا ۋەدە قىلمىساڭ، مەن پۈتۈن ئاياقلىق-تۇياقلىقلارغا باشچىلىق قىلىپ، سېنىڭ جەددى-جەمەتىڭنىڭ ئۇۋىلىرىنى پۈتۈنلەي بۇزۇپ تاشلاپ، بۇ ئورمانلىقتا ياشاتقۇزمايمەن!» دەپ خىتاپ قىلدى.

بۈركۈت شىرنىڭ ھەممە ھايۋانات بىلەن ئورتاق پىكىردە ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ كىچىك شىمپەنزىنى ساق-



سالامەت قايتۇرۇپ بەردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق گۇنانى سادىر قىلماسلىققا ۋەدە بەردى.

### 19. پىلنىڭ ئۆز چىشىنى تەقدىم قىلىشى

بۇ مىلادى 223 — 253 - يىللاردا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان «پۇرانا مۇكھا ئاۋادانا» دېگەن بۇددا كىتاۋىدىكى بىر چۆچەك. رەڭلىك 93 -، 94 - رەسىمگە قاراڭ)

بىر كۈنى ئالتە چىشلىق پىل ئۆزىنىڭ ئىككى خوتۇنى بىلەن بىللە چىقىپ ئورمانلىقتا سەيلە قىلدى. يولدا بىر تال نىلۇپەر گۈلى ئۇچرىدى. پىل ئۇنى چوڭ خوتۇنىغا تەقدىم قىلماقچى بولۇپ ئۈزگەن ئىدى، كىچىك خوتۇنى چاققان كېلىپ گۈلگە قول سۇندى ۋە ئۇنى ئېلىۋالدى. چوڭ خوتۇنى بۇنى كۆرۈپ ئېرىنى كىچىك خوتۇنىغا ئامراق ئىكەن دەپ ھېس قىلدى ۋە يەنە بىر قېتىم قايتىدىن تۇغۇلۇپ، ئېرىنىڭ چىشىنى يۇلۇۋېلىش قارارىغا كەلدى.

ئۇ شۇ نىيەت بىلەن بىرىپ ياردىن سەكرىدى ۋە بىر مەلىكە بولۇپ قايتىدىن يارالدى. ئۇ چوڭ بولدى ۋە براھماداتتا ناملىق بىر خانغا خانىكە بولدى. ئۇ بىر كۈنى خانغا: «ئالتە چىشلىق پىلنىڭ چىشىدا كارۋات ياسىتىپ بەرمىسىلە ئۆلۈپ قالىمەن» دەپ تەلەپ قويدى. خان ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر ئوۋچىغا ئالتە چىشى بار پىلنى تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرىدى ۋە ئۇنى تۇتۇپ چىشىنى ئېلىپ كەلسە، يۈز سەر ئالتۇن ئىنئام

قىلىندىغانلىقىنى جاكالىدى.

ئۇۋچى ئىنئام ئېلىش ئۈچۈن زەھەرلىك ئوق تەييارلاپ، ئۈستىگە كاشايا كىيىپ نىقاپلىنىپ ئۇۋغا چىقتى. ئالتە چىشلىق پىلنىڭ كىچىك خوتۇنى ئۇۋچىنى كۆرۈپ دەرھال قاچتى ۋە ئېرىگىمۇ تېز قېچىشنى ئېيتتى. لېكىن ئالتە چىشلىق پىل: «بۇ كىيىۋالغان كىشى كاشايا كەيگەن، بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ چوقۇم بىر ئاقكۆڭۈل دىندار» دەپ ئويلاپ قاچمىدى.

ئۇۋچى نىقاپنىڭ ياردىمى بىلەن پىلغا يېقىنلاشالىدى ۋە دەرھال ساداق تارتىپ زەھەرلىك ئوقنى ئاتتى، پىلغا ئوق تەگدى. ئالتە چىشلىق پىلنىڭ كىچىك خوتۇنى ئۇۋچىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئىدى، ئالتە چىشلىق پىل رۇخسەت قىلمىدى. ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ كېلىپ ئۇۋچىغا غەزەپلەندى. ئۇ ئۇلارنىمۇ توساپ قويدى ۋە ئۇۋچىغا: «ئەھۋالنى ئېنىق سۆزلەپ بەرگىن» دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئۇۋچى بۇ قېتىم نېمە سەۋەپ، نېمە مەقسەت بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

ئالتە چىشلىق پىل ۋەقەنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشىنىپ يەتتى - دە، دەرھال تۇمشۇقىنى بىر تۈپ چوڭ دەرەخكە يۆگەپ تۇرۇپ، چىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۇغۇ - رۇپ ئۇۋچىغا بەردى ۋە بىردەمدىن كېيىن ئۆلدى.

ئۇۋچى خاندىن ئىنئام ئالدى. خانىشكە پىلنىڭ چىشىنى تونۇۋالدى ۋە ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندى. ئۆزىنىڭ ئالدىراقسانلىق قىلغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان يېدى. شۇنداقلا ئۇ، ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىنى يۇيۇش ئۈچۈن چېچىنى چۈشۈرۈپ راھىبە بولدى.



## 20. ئاپەتنىڭ ئالسى

بۇ «سامىيۇكتا ۋادانا سۇترا» ناملىق بۇددانىڭ يارالمىشى ھەققىدە سۆزلىنىدىغان بۇددا كىتاۋىدىكى بىر چۆچەك. بۇنىڭ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى



95. (178 - غار)

(مىلادى 25 — 220 - يىللار) دە، 3 بەگلىكتىن ۋۇ دۆلتى (مىلادى 222 — 280 - يىللار) دە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى ۋە كېيىنكى چىن دەۋرى (مىلادى 384 — 417 - يىللار) دە كۇماراجىۋا تەرىپىدىن خەنزۇ - چىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسى بار.

بۇرۇنىسىدا شۇنداق بىر ئەل بار ئىدى، يۇرت ئىچى

توقچىلىق، خەلقنىڭ ھېچنېمىدىن غەم-غۇسسىسى يوق ئىدى، سەينا-سەينادا نەغمە-ناۋا قاينايتتى.

بىر كۈنى بۇ ئەلنىڭ خانى ۋەزىرلىرىدىن: «دۇنيادا ئاپەتنىڭ ئانىسى بار ئىمىش، خەۋىرىڭلار بارمۇ؟» دەپ سورىدى.

— ئۇ ئەلگە ئاپەت كەپتۇ، بۇ ئەلگە ئاپەت كەپتۇ، دېگەننى ئاڭلىغان، — دەپ جاۋاب بېرىشتى ۋەزىرلەر، — لېكىن ئاپەتنىڭ ئانىسىنى كۆرۈپ باقمىغان.

خان ئاپەتنىڭ ئانىسىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇنى سېتىۋېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى.

تەڭرى ئىلاھى سودىگەر قىياپىتىگە كىرىپ، بىر بازاردا ئاپەتنىڭ ئانىسىنى سېتىۋاتاتتى. ئاپەتنىڭ ئانىسى خۇددى چوشقىغا ئوخشايتتى. ئۇنى باتۇر غۇلاملار ئاغامچا بىلەن مەھكەم باغلاپ تۇتۇپ تۇراتتى.

— بۇ نېمە؟

— ئاپەتنىڭ ئانىسى.

— نەرقى قانچە پۇل؟

— تۈمەنمىڭ سەر ئالتۇن.

— نېمە يەيدۇ؟

— كۈندە بىر كورا يىڭنە يەيدۇ.

ۋەزىرلەر ئاپەتنىڭ ئانىسىنى سېتىۋېلىپ ئۆز ئېلىگە ئېلىپ كەلدى. پۇخرالار ئالۋاڭغا يىڭنە تاپشۇرىدىغان بولدى. بارا-بارا بارلىق يىڭنىلىرىنى تاپشۇرۇپ تۈگىتىپ يەنە يىڭنە ئىزدەپ ئاۋارە بولۇشتى. بارا-بارا كىشىلەر يالىڭاچ يۈرسە ئېيىپتا بۇيرىمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. بۇ ۋەزىيەتتىن ھەممە كىشى قاتتىق نارازى بولۇشتى.



ۋەزىرلەر خانغا: «پۇخرالار يالىڭاچ قېلىپ، ئىشقا چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى، دۆلەت قالايمىقانلاشتى. ئاپەتنىڭ ئانىسىنى يوقىتايلى» دەپ مەسلىھەت بەردى.

ئاپەتنىڭ ئانىسىنى شەھەرنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىشتى. ئۇنىڭغا يا قىلىچ، يا نەيزە ئۆتمىدى. ئاخىرى ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوت يېقىپ كۆيدۈردى. ئاپەتنىڭ ئانىسى ئوتتىن چىقىپ يۈگۈردى، شەھەردىن ئۆتسە شەھەرنى، يېزىدىن ئۆتسە يېزىنى كۆيدۈردى. شۇنىڭ بىلەن خەلقلەر راستىنلا ئاپەتكە يولۇقتى. بۇ راھەتتىن زېرىكىپ ئاپەت سېتىۋالغاننىڭ جازاسى ئىدى.

## 21. ئادالەتپەرۋەر تۇرنا

بۇ «جاتاكامالا» ناملىق يازىلمىش چۆچەكلىرى توپلىمىدىكى بىر چۆچەك. بۇنىڭ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان دەۋرى 10-ئەسىر، لېكىن بۇ رەسىمنىڭ سىزىلغان ۋاقتى 17-نومۇرلۇق غاردىكى باشقا رەسىملەر بىلەن ئوخشاش.

باراناس دۆلىتىدە گۈزەل، ھاۋالىق بىر كۆل بار ئىدى، ئۇنىڭدا تۇرنىلار ياشايتتى. تۇرنىلار ئۆزئارا ناھايىتى ئىناق ئىدى. ئۇلار سۇدا ئۈزۈپ يۈرگەندە گويا ئېچىلىپ كەتكەن نىلۇپەر گۈللىرىگە، كۆكتە پەرۋاز قىلغاندا گويا ئاق بۇلۇتقا ئوخشايتتى.

باراناس دۆلىتىنىڭ خانى تۇرنىلارنىڭ پادىشاسىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتى. ۋەزىرلەر ئۇنىڭغا: «بىر كۆل

www.uyghurkitap.com

چاپقۇزۇپ چىقايلى، ئۇنىڭدا تۇرنىلار ياخشى كۆرىدىغان نەغمە - ناۋالار ئەكس سادا پەيدا قىلىپ تۇرىدىغان بولسۇن. شۇنداق قىلغاندا، تۇرنا پادىشاسى بۇ تەرەپكە كېلىدۇ» دەپ مەسلىھەت بېرىشتى.

كۆل پۈتتى، ئۇنىڭدا نىلۇپەر گۈللىرى ئېچىلىپ، خۇشپۇراق چېچىپ تۇراتتى، ھەرىلەر، كېپىنەكلەر ئەگىپ يۈرەتتى. كۆلنىڭ سۈزۈك سۈيىدە خىلمۇ - خىل بېلىقلارنىڭ ئۈزۈپ ئويناشلىرى ئەينەكتىكىدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۈن چىققاندا كۈننىڭ، ئاي چىققاندا ئاينىڭ شەكلى كۆلدە ئەكس ئېتەتتى. بىر كۈنى بۇ كۆلگە ئىككى تۇرنا كېلىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قايتتى. ۋەزىرلەر تۇرنىلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تۇرنىلارنىڭ پادىشاسىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن كېلىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىپ، قىلتاق قويۇشنى قارار قىلىدى.

تۇرنا پادىشاسى ئۆز جەمەتلىرىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەت-



96. (38 - غار)





97. (34 - غار)

لىك قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزى كېلىپ، كۆلدە ئادەمزاتنىڭ ھىيلە - مىكىرىسى بار - يوقلۇقىنى بايقاپ كۆرمەكچى بولدى. ئۇ ۋەزىرى بىلەن بىللە كۆلگە كەلدى.

— مەن قىلتاقتا چۈشۈپ قالدىم، — دېدى تۇرنا پادىشاسى ۋەزىرىگە، — سىز دەرھال قايتىڭ، باشقىلار ھەرگىز كەلمىسۇن.

تۇرنا پادىشاسىنىڭ ۋەزىرى ئۆز پادىشاسى بىلەن ھايات - ماماتلىقتا بىللە بولۇش ئۈچۈن بۇيەردىن قايتقىلى ئۇنىمىدى. بۇ چاغدا پادىشاسى بىلەن ۋەزىرىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتكىلى يەنە بىر تۇرنا كەلدى. بۇ چاغدا قىلتاقچىمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇ قىلتاقتا چۈشمىگەن بىر تۇرنىنىڭ ئۇچۇپ كەتمەيۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن قېچىپ كەتمەيدىغانلىقىنى سورىدى.

— بىزنىڭ پادىشايىمىزنى قويۇپ بېرىڭ، مېنىڭمۇ شەكلىم ئۇنىڭغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئورنىغا مېنى تۇتۇپ كېتىڭ، — دېدى تۇرنا پادىشاسىنىڭ ۋەزىرى.

قىلتاقچى بۇ تۇرنىنىڭ ئالىجاناپ روھىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، قىلتاققا چۈشۈپ قالغان تۇرنىنى قويۇۋەتتى.

— خانىڭىز مېنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىپ، سىزگە قىلتاق قۇرغۇزغان، — دېدى تۇرنا پادىشاسى، — ئەگەر مېنى ئېلىپ بارمىسىڭىز، چوڭ ئىنئامدىن قۇرۇق قالىسىز، ھەر ئىككىمىزنى قەپەزگە سولاپ خانىڭىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭ.



98. (38 - غار)

قىلتاقچى ئۆز خانىغا پۈتۈن ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى.

تۇرنا پادىشاسى ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان ئادىمىزات خانىغا قائىدە-يوسۇن بويىچە سالام بەردى ۋە ئامانلىق





99. (17 - غار)

سورىدى، خانمۇ ئۇنىڭ سالىمىغا سالام قايتۇردى. بۇ ئىشتىن ئىنتايىن خۇشال بولغان خان قىلتاقچىغا چوڭ ئىنئام بەردى.

— خانلار سۆزلەشكەندە پۇخرالارنىڭ لوقما سېلىشى دۇرۇس ئەمەس، — دېدى تۇرنا پادىشاسىنىڭ ۋەزىرى، — لېكىن مەن بۇ يەردە مۇشۇ جىمجىتلىقتىن پايدىلىنىپ، خان ئالىيلىرىنىڭ مېنىڭ پادىشايىمنىڭ سالىمىغا ئىلىك ئالغانلىقلىرىغا رەھمەت ئېيتىمەن.

— بىز سىزنىڭ تەۋەيىڭىزدە ياشاۋاتقان قۇش ئەھلىلىرىنىڭ بىر خىلى، — دېدى تۇرنا پادىشا، — بىز سىزگە مەڭگۈ بەخت تىلەيمىز.

بۇ چاغدا تۇرنىلارنىڭ ئۆز پادىشاسىنى چاقىرىۋاتقان ئەنسىز ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. خان تۇرنا پادىشاسىنى قويۇپ

www.uyghurkitap.com

بەردى ۋە شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن تۇرنىلارغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشنى مەنئى قىلدى. تۇرنىلارمۇ بۇ ئەلدە ئادەملەردىن قاچماي بىللە ياشاۋېرىدىغان بولدى.

## 22. دىدەك بىلەن قوشقارنىڭ جېدىلى

بۇ «سامىيۇكتا راتنا كۇتا سۇترا» دىكى يەنە بىر چۆچەك. (رەڭلىك 100 - رەسىمگە قاراڭ)

خوجايىن ئۈچۈن مەخسۇس قوماچ قورۇيدىغان بىر دىدەك بار ئىدى. ئۇ خوجايىننىڭ قوشقىرى بىلەن ئوبدان چىقىشالمايتتى. چۈنكى ئۆيگە كىرىپ - چىقىپ يۈرىدىغان بۇ ئەركە قوشقار پات - پاتلا دىدەك يوق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ قوماچنى ئوغرىلاپ يەۋېلىپ، دىدەكنى بىنگۇنا سوراققا قوياتتى. دىدەكنىڭ قولىدا تاياق بولمىسىلا، ئۇنى ئۇسۇۋېلىپمۇ ئالاتتى.

بىر كۈنى دىدەك قوشقارنىڭ قوماچ ئوغرىلاپ يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. دىدەك قولىغا تاياق ئېلىپ بولغىچە، قوشقار چاقىقانلىق بىلەن ئۇنى كېلىشتۈرۈپ بىرنى ئۇسسىدى. دىدەك ئالدىراشلىقتا ئوچاقتا كۆيۈۋاتقان چوڭچولە ئوتۇننى قولىغا ئېلىپ قوشقارغا ئاتتى. قوشقارنىڭ دۈمبىسىگە ئوت تۇتاشتى - دە، ئۇ دەرھال كۆل ئىزدەپ يۈگۈرۈپ كەتتى. قوشقار بىر قومۇشلۇقتىن ئۆتكەندە قومۇشقا ئوت تۇتاشتى. ئوت بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىپ ئەتراپتىكى چاتقاللىققا، چاتقاللىقتىن مەھەللىگىمۇ ئوت تۇتاشتى. تەگرىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مۇنداق دېيىشتى:





101. (69 - غار)



102. (110 - غار)

كىچىك ئىشتىن دىدەك، قوشقار
جىدەل قىلىشتى داۋامەت.
جىدەلدىن چىقتى چوڭ چاتاق،
بولدى جاڭگالدا قىيامەت.



103. (77 - غار)

### 23. تۆتىنىڭ ئوت ئۆچۈرۈشى

بۇ «ماھاپراجنىيا پارامىتا شاستىر» (كۇماراجىۋا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان) دىكى بىر چۆچەك.

تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدە بىر باراقسان ئورمانلىق



بار ئىدى. بىر كۈنى ئورمانلىقتا تۇساتتىن ئوت كەتتى، ئوچاغدا ئورمانلىقتا ياشاۋاتقان قۇشلار ۋە باشقا ھايۋانلار تېخى شىرىن ئۇيقۇدا ياتاتتى.

بىر تۆتى ئوتنى ئۆچۈرمەكچى بولۇپ دەرياغا ئۇچۇپ باردى، قايتىپ كېلىپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئاغزىدىكى ۋە قانىتىغا يۇقتۇرۇپ كەلگەن سۇنى چاچتى.



104. (77 - غار)

ئوت تەڭرىسى تۇتىنىڭ مۇنچىۋالا سەمىمىيلىكىدىن تەسىرلىنىپ، دەرھال ئوتنى ئۆچۈرۈۋالدى.

## 24. ئارزۇلۇق گۆھەر

بۇ «پراجنىيا مۇكھا سۇترا» ناملىق ئاقىللىق ۋە نادانلىق ھەققىدىكى ۋەقەلەر سۆزلىنىدىغان بۇددا كىتاۋىدىكى بىر چۆچەك. ئۇ مىلادى 445 - يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ شىنجاڭدىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى ج. ر. خامىللتون تەتقىق قىلغان، ئا. فون، گابائىن «قەدىمقى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى» دىگەن كىتاۋىغا ئوقۇشلۇق ماتىرىيالى سۈپىتىدە كىرگۈزگەن. (رەڭلىك 105 - رەسىمگە قاراڭ)

...بۇ چوڭ ئەلنىڭ خانى 500 شەھەرنى باشقۇراتتى. ئۇنىڭ 500 خانىكىسى بار ئىدى، لېكىن ئوغلى يوق ئىدى. ئۇ بىر ئەقىللىق ئوغۇل تىلەپ تەڭرىلەرگە ۋە ئاي، كۈن، تاغ، دېڭىز، ئورمان ئىلاھلىرىغا ئىلتىجا قىلدى. چۈنكى بىر ئېقىللىق، بىلىملىك شاھزادە بولمىغاندا، كېيىنكى كۈنلەردە دۆلەتنى باشقۇرۇش قىيىن بولاتتى.

ئورمانلىقتا ياشاۋاتقان بىر پەرىشتە بۇ ئەھۋالنى چۈشىنىپ، خاننىڭ چوڭ خانىكىسىنىڭ تېنى ئارقىلىق قايتىدىن تۇغۇلماقچى بولدى. خانىكە ئوغۇل تۇغدى. بالىنىڭ ئېتىنى مۇنەججىملەرنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسەن «كالىيانامكارا» (سانسكرت مەنىسى ياخشىلىق قىلغۇچى) قويدى.

ئورمانلىقتىكى يەنە بىر پەرىشتىمۇ خاننىڭ ئىككىنچى خانىكىسى ئارقىلىق قايتىدىن تۆرەلدى. بۇنىڭ ئېتىنى



مۇنەججىملەرنىڭ ئېيتقانلىرىغا ئاساسەن «پاپامكارا» (يامانلىق قىلغۇچى) قويدى.

كالىيانامكارا شاھزادە ناھايىتى ئېقىللىق، مېھرىبان ۋە بىلىملىك بولۇپ يېتىلدى. ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى خەلقنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئاتىسىدىن دۆلەت خەزىنىسىنى ئېچىۋېتىپ، خەلقلەرگە كۆپلەپ سەدىقە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. خان بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇپ قالدى. ئۇ دۆلەت خەزىنىسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن دېڭىزغا بېرىپ گۆھەر تېپىپ كېلىش قارارىغا كەلدى. خان ئۇنىڭ دېڭىزغا بېرىش تەلىۋىگە ناھايىتى تەستە كۆندى.

ئۇكىسى پاپامكارامۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇلار نۇرغۇن كىشى بىلەن بىللە ماڭدى. ئۇلار خىرۇستال تاغدىن، ئالتۇن تاغدىن... ئۆتتى. كېمىچى ئۆلۈپ كېتىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا: ئەجدىھا ئوردىسىغا بارغاندا ئالماس توخماق بىلەن بىر ئىشىكنى ئاچىسىز، 500 تەڭرى قىزلىرى چىقىپ گۆھەر تەقدىم قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ گۈزەل بىر قىزنىڭ قولىدىكىسى «چىن تامانى ئەردەنى» ناملىق گۆھەردۇر، دەپ ۋەسىيەت قىلدى.

يولدا چوڭ بېلىقلار، راكشاسلار چاتاق چىقىرىپ، كېمىلەر ئۆرۈلۈپ كەتتى. بىللە سەپەرگە چىققان كىشىلەر دېڭىزغا غەرق بولۇشتى. ئاكا - ئۇكا شاھزادە ئەجدىھا ئوردىسىغا باردى ۋە گۆھەرنى ئالدى. چوڭ شاھزادە ئۇكىسىغا ئۆزى ئالغان گۆھەرنىڭ ھېكمەتلىك سىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇلار قىرغاققا چىققاندا، ئۇكىسى ئاكىسىدىكى گۆھەرنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى ۋە گۆھەرنى قولىغا ئالغاند -

دىن كېيىن، ئاكىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ئوردىغا قايتتى. ئۆيدىكىلەرگە: «ئاكام دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتتى» دېدى.

ئاكىسى ئۆلمىگەن ئىدى. ئۇ ھوشىغا كەلسە ئۇكىسى يوق، لېكىن ئۇكىسىنىڭ تاياق زەخمىدىن ئىككى كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆمىلەپ بىر مەھەللىگە كەلدى. بىر پادىچى ئۇنى كۆرۈپ ئىچ ئاغرىتىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى ۋە كۈندە ئۇنىڭ كۆزىنى كالا سۈتى بىلەن يۇيۇپ، جاراھىتىنى سېرىق ماي سۈرتۈپ داۋالاپ ساقايتتى.

شاھزادە ئۇستا سازەندە ئىدى. مەھەللىدىكى كىشىلەر دائىم ئۇنىڭ نەغمىسىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان بولدى. كىچىك بەگلىكنىڭ خانىنىڭ قىزى ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى. ئۇلار توي قىلىشتى.

خان شاھزادىنى ئىزدەش ئۈچۈن تۈركۈم-تۈركۈملەپ ئادەم ئەۋەتتى. ئىزدەپ بارغانلار تاپالماي كېلىشتى. شاھزادە كىچىكىدە بېقىپ چوڭ قىلغان بىر توز بار ئىدى. ئاخىر شۇ توز شاھزادىنىڭ خەۋىرىنى خانغا يەتكۈزدى.

خان شاھزادىنى ئوردىغا ئېلىپ كەلدى، بۇ چاغدا ئۇكىسى زىنداندا ئىدى. شاھزادە: ئەگەر ئۇكامنى قويۇپ بەرمىسەڭلەر ئوردىغا كىرمەيمەن، دەپ قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى ۋە ئۇكىسىنى ئەكەلدۈرۈپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇكىسى قاتتىق تەۋبە قىلىپ گۆھەرنى ئاكىسىغا بەردى.

— گۆھىرىم، — دېدى شاھزادە، — ئاتامنىڭ مەرتىۋىسىنى 7 قەۋەت گۆھەرنىڭ ئۈستىدە قىلغايسەن! دۆلەت خەزىنىسىنى تولدۇرۇپ بەرگەيسەن!

شاھزادە پۈتۈن خەلققە: سىلەرنىڭ ھەرقانداق ئارزۇ-



لىرىڭلار بولسا ئېيتىڭلار، بۇ گۆھەر ئارقىلىق بېجا كەلتۈرۈپ بېرىمەن، دېدى.

دۆلەت ۋە خەلق شاھزادىنىڭ ھىممىتىدىن رازى بولدى.

### 25. نىلۇپەر خېنىم

بۇ «سامىيۇكتا راتنا كۇتا سۇترا» ناملىق بۇددا كىتابىدىكى بىر چۆچەك. (رەڭلىك 106-رەسىمگە قاراڭ)

بۇرۇنسىدا قارلىق تاغنىڭ ئېتىكىدە براھمان تەبىقىسىدىن چىققان بىر پەرىشتە بار ئىدى. ئۇ دۇنيادا ئەۋلات قالدۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ئەرشكە چىقالماي قالغان ئىدى.

بىر كۈنى ئۇ تاشنىڭ ئۈستىگە چوڭ-كىچىك تەرەت قىلدى، ئۇنىڭ تەرىتى ئېقىپ بۇلاققا چۈشتى. بۇلاق سۈيىنى ئىچكەن بىر چىشى كېيىك ھامىلدار بولۇپ قېلىپ، بىر قىز تۇغدى. ئۇ تۇغۇلغاندىلا نىلۇپەر (سانسكرىتچە پاتما) كېيىملىك قىز ئىدى. پەرىشتە ئۆز ئەۋلادىنى تونۇپ قالدى-دە، ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلدى.

نىلۇپەر خېنىم قەدەم باسقانلا يەردە نىلۇپەر ئۈنۈپ قالاتتى. بىر كۈنى براھماننىڭ گۈلخىنىدا ئوت ئۆچۈپ قالدى. براھمانلاردا كېچىدە گۈلخان يېقىپ قويۇپ ئۇخلايدىغان ئادەت بار ئىدى. ئوت تۇتاشتۇرۇشقا چوغ يوق بولغاچقا، ئۇ قىزىنى مەھەللىگە بېرىپ چوغ تىلەپ كېلىشكە بۇيرۇدى. مەھەللىدىكى بىر كىشى نىلۇپەر خېنىمغا ئۆينى بىر قېتىم ئايلىنىپ بەرسە، چوغ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۆينىڭ ئەتراپىدا نىلۇپەر ئۈنۈشكە باشلىدى.

بىر كۈنى ئۇتىياناخان بۇ مەھەللىگە كەلدى. نىلۇپەر خېنىم توغرىلىق خەۋەر ئاڭلىغاندىن كېيىن، تاغدىكى پەرىشتىنىڭ يېنىغا بېرىپ، قىزىنى خانىكىلىككە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پەرىشتە خانىنىڭ تەلىۋىگە ياق دېيەلمىدى ۋە سىزگە 500 باتۇر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەي، دېدى.

نىلۇپەر خېنىم ئوردىغا كەلگەندىن كېيىن، باشقا خانىكىلەر ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشتى ۋە «كېيىك خوتۇن» دەپ ھاقارەتلەپ چاقىرىشتى.

نىلۇپەر خېنىم ھامىلدار بولدى. ئاي، كۈنى توشقاندا 500 تۇخۇم تۇغدى. باشقا خانىكىلەر ئۇنى سىۋەتكە سېلىپ گاڭگا دەرياسىغا تاشلىۋەتتى ۋە خانغا خېمىر تۇغدى دەپ چېقىشتۇردى. خان بۇنداق تۇغۇتتىن خىجىل بولۇپ، نىلۇپەر خېنىمنى زىندانغا تاشلىدى.

گاڭگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى كىچىك ئەلنىڭ خانى شىكارغا چىققاندا، دەريادىن بىر سىۋەتنى سۈزۈۋالدى. ئوردىغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىكى ھەربىر تۇخۇمدىن بىردىن باتۇر غۇلام تۇغۇلدى. غۇلاملار خانغا: سىزنى كىم بوزەك قىلسا، بىز ئەدىۋىنى بېرىمىز، دېدى. بۇ خانلىق ئۇتىياناخانغا ئېغىر سېلىق تاپشۇرۇپ تۇراتتى، بۇ ئىش ئۇلارغا ئار كېلەتتى.

باتۇرلار ئۇتىياناخانغا زەربە بەرگىلى باردى. خان تاغدىكى پەرىشتىدىن ياردەم سوراشتىن باشقا چارە تاپالمىدى. پەرىشتە: نىلۇپەر خېنىمغا مۇراجىئەت قىلىڭ، دېدى.

غۇلاملار ئوردىغا كىرگەندە، خان زىنداندا يېتىپ ئاجىزلاپ كەتكەن خېنىمنى باشلاپ چىقتى. باتۇرلار ھەر ئىككىلىسىگە قارىتىپ ساداق تارتتى.



www.uyghurkitap.com

نىلۇپەر خېنىم ئەمچىكىنى ئېسىپ قويغان ھامان 250 جۈمەكتىن سۈت ئاقتى. 500 باتۇر ئۆز ئانىسىنى تونىدى. ئۇتىياناخان قىلمىشىغا تەۋبە قىلدى.

## 26. يىلان پادىشاسىنىڭ تېرە تەقدىم قىلىشى

بۇ «كىشاماكارا بودساتىۋا سۇترا» ناملىق بودساتىۋالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدە سۆزلىنىدىغان بۇددا كالامىدىكى بىر چۆچەك. ئۇ مىلادى 222 — 280 - يىللاردا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. (رەڭلىك 107 -، 108 - رەسىملەرگە قاراڭ)

تاغدىكى بىر ئورمانلىقتا يىلانلار ياشايتتى. بىر كۈنى گارۇدا ناملىق ئىككى باشلىق قۇش ئۇلارغا پاراكەندىچىلىك سالدى. يىلانلارنىڭ پادىشاسى ئۇنىڭغا: «سەن قۇشلارنىڭ ئىلاھى، بىز بولساق تاغ - جىرالاردا ئۆمىلەپ يۈرگۈچىلەر جامائىتى. بىز ساڭا نېمە زىيان سالدۇق؟ ئەگەر پەيلىڭدىن يانمىساڭ، بىز يىلانلار ھەممىمىز بىرلىشىپ ساڭا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىمىز» دەپ سەممىي ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. گارۇدا قۇش يىلانلارنىڭ ئۇيۇشقان كۈچىدىن قورقتى. يىلان پادىشاسى بۇ ئىشتا ئەقلى كۈچ بىلەن گارۇدا قۇشنى يەڭدى.

بۇ چاغدا، يىلانلار بار جايغا ئادەم كەلدى. بىر ئادەم يىلان پادىشاسىنىڭ تېرىسىگە قىزىقتى. ئۇنىڭ تېرىسى ناھايىتى چىرايلىق ئىدى، قارىسا كۆزنى چاقنىتاتتى. بۇ ئادەم خانغا يىلان تېرىسىنى سوغا قىلماقچى بولدى. ئەگەر يىلان پادىشاسى بۇنىڭغا قارشىلىق قىلسا، پۈتۈن

يىلان جامائىتى بىرلىشىپ ئادەملەرگە ھۇجۇم قىلاتتى. يىلان پادىشاسى ئادەملەرگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن يىلانلارنى بىردەم يۇشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۆزى بولسا يىلان تېرىسىگە قىزىققان ئادەمنىڭ پەيلىدىن ياتمايدىغانلىقىنى، بۇنداق بولسا، كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنىڭ ئېغىرلىقىنى پەرەز قىلىپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا باردى. ئادەم ئۇنى ھېچقانچە جاپا تارتمايلا ئۇرۇپ ئۆلتۈردى ۋە تېرىسىنى ئېلىپ كەتتى.

تەڭرىلەر يىلاننىڭ ئەخلاق - پەزىلىتىگە مەدھىيە ئوقۇدى ۋە ئۇنىڭ جېنىنى تېنىگە قايتۇردى، يېڭىدىن تېرە بەردى.

## 27. ئوتۇنچىنىڭ ئېيىقنى يولۋاسقا تۇتۇپ بېرىشى

بۇ «ماھاپراجنىيا شاستىر» ناملىق ئۇلۇغ ئەقىل - پاراسەت تەرغىبىسىدا سۆزلىنىدىغان بۇددىزىم كىتاۋىدىكى بىر چۆچەك. ئۇنى كۇچالىق راھىپ كۇماراجىۋا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان.

بارانىس شەھىرىدە بىر گادايى بار ئىدى. ئۇ ئوتۇنچىلىق قىلىپ جېنىنى جان ئېتەتتى. بىر كۈنى تاققا ئوتۇن كەسكىلى بارغاندا، تۇساتتىن بىر يىرتقۇچ يولۋاسقا ئۇچراپ قالدى. يولۋاس ئۇنىڭغا ئېتىلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇ دەرھال بىر تۈپ چىنار دەرىخىگە يامىشىپ چىقىۋالدى.

بۇ چىنار دەرىخىنىڭ ئۈستىدە بىر ئېيىق دەم ئېلىپ ئولتۇرغان ئىدى. ئوتۇنچى ئېيىقنى كۆرۈپ يەنە بىر قېتىم





109. (63 - غار)

قورقۇپ كەتتى. دەرەخنىڭ تېگىدە يولۋاس، ئۈستىدە ئېيىق بار، نەگە قېچىش كېرەك؟!

— قورقماڭ، — دېدى ئېيىق، — مەن سىزنى قوتۇلدۇرۇپ قالىمەن.

ئېيىق ئوتۇنچىنى قوينىغا ئالدى. بۇ چاغدا يولۋاس ئېيىققا: «بۇ بىر ۋاپاسىز ئادەم، ئۇنى قوغداپ قالماي ماڭا تاشلاپ بەرگىن» دېدى.

مەن بۇدداغا چوقۇنىمەن، — دېدى ئېيىق، — مەندىن پانالىق تىلىگەن ھەرقانداق جانلىقنى خېيىم - خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قالمىسام، ئەقىدەمگە خىلاپ بولىدۇ.

ۋەزىيەت بىردەم تىچ ھالەتتە ئۆتتى. ئېيىقنى ئۇگىدەك باستى ۋە بىردەمدىن كېيىن ئۇخلاشقا باشلىدى.

يولۋاس ھىلە - مىكىر ئىشلەتتى. ئۇ ئوتۇنچىغا: «سەن چىنارنىڭ ئۈستىدە قانچە ئۇزۇن تۇرالايسەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئېيىقنى دەرەختىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەت، ئۇنىڭ گۆشىدە قوسۇغۇم تويىدۇ، مەن بۇ يەردىن كېتىپ قالىمەن، سەنمۇ ئۆيۈڭگە قايتالايسەن» دېدى.

ئوتۇنچى ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئېيىقنى دەرەختىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتتى. ئېيىق ئۇيقۇلۇقتا يىقىلغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق زەخملەندى ۋە تامامەن ھوشىغا كېلىپ بولغىچە يولۋاس تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، لېكىن ئوتۇنچىمۇ ئامان قالمىدى.

(بۇ چۆچەكنىڭ يەنە بىر نۇسخىسىدا «ئوتۇنچى ئامان قالدى، لېكىن ئېيىقنىڭ ئۇۋالىغا قېلىپ ساراڭ بولدى» دېيىلگەن.)

## 28. قوچاق ئويۇنى

بۇ «جاتاكا نىدانا» ناملىق ساكيامۇنىنىڭ بۇددالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدىكى ئېيتقانلىرى خاتىرىلەنگەن بۇددىزىم كىتاۋىدىكى بىر چۆچەك. ئۇ مىلادى 285 - يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. (رەڭلىك 110 - رەسىمگە قاراڭ)

بۇرۇن بىر ئۇستا ھەيكەلتىراش بار ئىدى، ئۇ بىر قوچاق ياسىدى. قوچاقنىڭ تەق - تۇرقى، ئىش - ھەركىتى رىيال ئادەمدىن ھېچبىر پەرق قىلمايتتى. ئۇنىڭغا گىرىم قىلىپ، كىيىم كەيگۈزۈپ ئۇسۇل ئويناتسا «بەئەينى بىر ئۇسۇلچى يىگىت» بولۇپ كۆرۈنەتتى.



خان قوچاق ئويۇنى ھەققىدىكى ماختاشلارنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى ۋە بىر كۈنى ھەيكەلتىراشنى چاقىرتىپ كېلىپ قوچاق ئويۇنى ئويناتتى. خان بىلەن خانىش پەشتاققا چىقىپ ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆردى.

«قوچاق يىگىت» ئۇسۇل ئويناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھەركىتى شۇنداق چاققان، قول، بەل ھەركەتلىرىمۇ ئاجايىپ جانلىق ئىدى. خان بىلەن خانىش بۇ ئويۇننى كۆرۈپ ھاياجانلىنىپ خۇدىنى يوقىتىپ قويدى. بۇ چاغدا «ئۇسۇلچى يىگىت» پىقىراپ كېلىپ خانىشقا لەپپىدە قاش ئېتىپ قويدى.

— ھەي لوكچەك، — دەپ ۋاقىراپ كەتتى خان، — مېنىڭ ئالدىمدا يۈرىكىڭنى قاپتەك قىلىپ خانىشقا نىيەت بۇزۇشقا پېتىنىۋاتىدەنغۇ!

قوچاق ئۇسۇلنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. لېكىن خان بۇ «ئۇسۇلچى» نىڭ بېشىنى ئېلىشقا يارلىق قىلدى.

— بۇ ئوغلۇم مېنىڭدىكى بارچە غەم - غۇسسىنى كەتكۈزىدۇ، — دەپ خانغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى ھەيكەلتىراش، — بۇ قېتىم ئۇقۇشماسلىق بولدى، كەچۈرسىلە. ئەگەر چوقۇم بېشىنى ئېلىشقا توغرا كەلسە، يارلىقنى ئۆز قولۇم بىلەن ئىجرا قىلاي.

خان كەچۈرمىدى. ھەيكەلتىراش يارلىقنى ئىجرا قىلدى. ئۇ «ئۇسۇلچى يىگىت» نىڭ مۈرىسىدىكى بىر مىخرۇەتنى سۇغۇرۇپ تاشلىغان ئىدى، «يىگىت» پارچە - پارچە بولۇپ يەرگە چۈشتى. خان يەردىكى تاختاي دۆۋىلىرىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. ئۇ ئەس - ھوشىنى يىققاندىن كېيىن، بۇ ئويۇننىڭ «قوچاق ئويۇنى» ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئالدى.

خان ھەيكەلتىراشىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىلىك تېخنىكىسىغا ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە تۈمەن سەر ئالتۇن ئىنئام بەردى.

## 29. «سۇداتتا ۋەزىرىنىڭ راھىپلارغا ساراي سالدۇرۇپ بېرىشى» دىن بىر كۆرۈنۈش

بۇ «داماموكى نىدانا» ناملىق ئاقىللىق ۋە ئەخمەقلىق سەۋەپلىرى ھەققىدە سۆزلىنىدىغان بۇددىزىم كالامىدىكى بىر چۆچەك. ئۇ مىلادى 4 - ئەسىردە تۇرپاندا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

بۇ چۆچەكنىڭ باشلىنىشى مۇنداق: ساكيامۇنى ماگاتا دۆلىتىنىڭ راجاگىرخا شەھىرىدە بىر بامبۇكزارلىقتا تۇرۇپ بۇددىزىمنى تەرغىپ قىلىۋاتقان يىللاردا، كوشالا دۆلىتىنىڭ ۋەزىرى سۇداتتا دېگەن باي «قېرى - تۇل ۋە يېتىم ئوغۇل-



111. (80 - غار)



نىڭ غەمگۇزارى» دەپ نام ئالغان كىشى ئىدى. ئۇ ساكيامۇنىنىڭ كۈندە 120 چاقىرىم يول يۈرۈپ تەرغىباتچىلىق قىلىپ[1] تۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشنى يەنى شەھەر ئىچىدىن باغ - زېمىن سېتىۋېلىپ ساراي سالدۇرۇپ بېرىشنى ئويلىدى.

......

بىر شاھزادىنىڭ باغ - زېمىنى ئۇلارغا مۇۋاپىق ماكان بولالايتتى. سۇداتتا ئۇنى سېتىۋالماقچى بولدى. شاھزادە ئۇنىڭغا: «باغنىڭ ئورنىغا پۈتۈنلەي ئالتۇن ياتقۇزۇپ چىقىڭ، شۇ ئالتۇن باغنىڭ باھاسىغا تەڭ» دەپ شەرت قويدى. سۇداتتا بۇنىڭغا ماقۇل بولدى. شاھزادە گېپىدىن يانالماي قالدى. بىراق بۇنداق ياخشى زېمىننى زامانىنىڭ قەلەندەرلىرى بولغان بۇددا راھىپلىرىغا ئىگەللىتىپ قويۇشقا رايى يوق ئىدى. شۇ زاماندا بۇددىزىمچىلارنىڭ قارشى تەرىپى دەپ قارىلىدىغان «6 يات مەزھەپ» دېگەن ئىجتىمائىي كۈچلەر بار ئىدى. ئۇلار مال - بايلىق ۋە ھەربىي كۈچ جەھەتتە راھىپلاردىن خېلى كۆپ ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىدى. شاھزادە ئۇلارنىڭ باشلىقىنى تېپىپ مەسلىھەتلەشتى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچى بىلەن قەلەندەر راھىپلارنى قورقۇتۇپ قاچۇرماقچى بولدى. 6 يات مەزھەپ بۇددا راھىپلىرىغا كارامەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئېلان قىلدى. 6 يات مەزھەپتىن مەشھۇر كارامەتچى رادۇكشا مۇسابىقىگە چۈشىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى. بۇددا راھىپلىرىدىن شارى بۇترا مۇسابىقىگە چۈشمەكچى بولدى.

مۇسابىقە باشلاندى.

.........

رادۇكشا بىر ئۆكۈزگە ئايلاندى، ئۇ ناھايىتى ھەيۋەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىك، چەبدەس، مۈڭگۈزلىرى ئۈچلۈق ئۆكۈز ئىدى. ئۇ يىراقتىن ئېتىلىپ كەلدى. شارى بۇترا بولسا بىر مەغرۇر شىرغا ئايلاندى. ئۇمۇ ئېتىلىپ باردى ۋە ئالدى پۇتى بىلەن بىر تەستەك قويۇپ ئۆكۈزنى يىقىتتى...

......

راھىپلار غەلىبە قىلدى.

مۇسابىقە كۆرۈپ غالىبىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتكە ھۆكۈم قىلغىلى كەلگەن خان راھىپلارنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلىدى ۋە ساكيامۇنىنى شەھەرگە تەكلىپ قىلدى، 18 مىليون ئادەم ئۇنىڭ بۇددىزىم تەرغىباتىنى ئاڭلاپ ئەقىل تاپتى. راھىپلار سارىيىمۇ پۈتتى.

## 30. رەسسام

بۇ «سامىيۇكتا ئاۋادانا» ناملىق مەنىلىك تەمسىللەر توپلانغان بۇددىزىم كىتاۋىدىكى بىر چۆچەك. ئۇ مىلادى 25 — 220 - يىللاردىن باشلاپ 405 - يىلغىچە بىرنەچچە قېتىم خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ھەرقايسى نۇسخىلىرى بىر بىرىدىن ئاز - تولا پەرق قىلىدۇ. مەن بۇ چۆچەكنى پروفېسسور جى شەنلىن ئەپەندى 1947 - يىلى 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «داگۇڭباۋ گېزىتى» دە ئېلان قىلغان توخرىچە نۇسخىسىنىڭ تەرجىمىسىدىن پايدىلىنىپ رەتلىدىم.

ئوتتۇرا ئەنەتكەكلىك (ئوتتۇرا ھىندىستانلىق) رەسسام باشقا بىر ئەلگە كەلدى. بىر ئۆيگە مېھمان بولۇشقا تەكلىپ قىلىندى، قونۇپ قالدى. ساھىپخان ياغاچتىن ياسالغان بىر قوچاق قىزنى ياساپ - كىيىندۈرۈپ رەسسامنىڭ خىزمىتىگە قويدى. رەسسام ئۇنىڭغا: «بۇ يەرگە كېلىپ يېتىڭ» دەپ تەكلىپ قويدى. «قىز» دىن ئىپادە بولمىدى.





112. قەدىمقى كۇچالىق رەسسام (ئەسلى نۇسخىسى گېرمانىيىدە. بۇ رەسىمنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بېغىشلىمىدا «چىتراكارا تۇتۇكاسيا» دېگەن سانسكرىتچە خەتلەر بار. ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى: رەسسام تۇتۇقنىڭ)

رەسسام ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى، يىپ ئۈزۈلۈپ پۇت - قوللىرى ئاجراپ كەتتى. رەسسام ئۇنىڭ قوچاق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىدىن قاتتىق خىجىل بولدى. بۈگۈن ساھىپخان مېنى ئەخمەق قىلدى، جامائەت ئالدىدا

كۆلكىگە قالدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىدى - دە، ئىشىكنىڭ
ئۇدۇلىدىكى تامغا ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان
قىلىپ سىزدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ساھىپخان مېھماننى يوقلىغىلى
كەلدى، ئىشىكنى ئېچىپلا «ئۇنىڭ ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغانلىقى»نى
كۆردى، «قوچاق قىز» نىڭ يەردە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ بۇ
ئۆلۈمنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى ۋە ئۆزىنى غالىپ ھېسابلىدى.

ئۇ ئەلدە ئادەم ئۆلسە ئالدى بىلەن خانغا مەلۇم
قىلىپ، ئاندىن دەپنە قىلىدىغان قانۇن بار ئىدى. بۇ
«ئۆلۈم» مۇ خانغا مەلۇم قىلىندى. ساھىپخان كەلگە-
چە رەسسامنى ئېسىلىۋالغان ئاغامچىدىن چۈشۈرۈپ تۇرماقچى
بولۇپ، ئاغامچىغا قارىتىپ پالتا چاپتى، پالتا تەككەن يەر-
دىن بىر پارچە كاكىل لاي ئاجرىلىپ چۈشتى.

— ئۇ دىگەن سۈرەت، — دىدى رەسسام ئىشىكنىڭ
كەينىدىن ئۆزىنى ئاشكارا قىلىپ. ھەيكەلتىراش ساھىپخان
ئۆزىنىڭ سۈرەت بىلەن ئادەمنى پەرقلەندۈرەلمىگەنلىكىگە
قاتتىق خىجىل بولدى.

### 31. پىل كۆندۈرۈش

بۇ چۆچەكنىڭ مەزمۇنى مىلادى 3 - ئەسىردە قەدىمقى
ھىندىستاندا تاشقا ئويۇلغان «پىل كۆندۈرۈش» ناملىق
بۇددىزىم چۆچىكى بىلەن ئوخشاش. بۇ تاشقا ئويۇلغان
رەسىمنىڭ فوتو سۈرىتى چاڭ رىنشا ئەپەندىنىڭ «بۇددىزىم
چۆچەكلىرىدىن تاللانما» دىگەن كىتاۋىغا كىرگۈزۈلگەن.
(رەڭلىك 113 - ، 114 - رەسىملەرگە قاراڭ)



...جاندىراپىراپاسا خان بىر پىل باقىقان ئىدى. ئۇنى
مىنىككە كۆندۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، بىر كۈنى پىلنى
سىناپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئۇنى مىنىپ سىرتقا چىقتى. بۇ
كۆندۈرۈلۈپ بولدى دىيىلگەن پىل يولدا بىر چىشى
پىلنى كۆرگەندە ئۆزىنى تۇتالمىدى ۋە ئىگىسىنىڭ گېپىگە
كىرمەي دەرھال ئۇ چىشى پىلنى قوغلاپ كەتتى. پىلغا
مىنىۋالغان خان جامائەت ئالدىدا كۈلكىگە قالدى. شۇنىڭ-
دىن كېيىن پىلنى قايتىدىن كۆندۈرۈشكە باشلىدى ۋە كۆن-
دۈرۈش جەريانىدا بىرمۇنچە رەھىمسىز چارىلارنىمۇ قوللاندى...

(بەزى كىتاپلاردا: «پىل ئوبدان كۆنمىگەنلىكتىن،
ئۇنىڭ ئاغزىغا قوغۇشۇن ئېرىتمىسىنى قۇيۇپ جازالاپ
ئۆلتۈردى» دىيىلگەن)

### 32. چىپار بۇغا

بۇ بۇددانىڭ چىپار بۇغا ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن
تەپسىرى ناملىق بۇددا كالامىدىكى بىر چۆچەك. ئۇ
مىلادى 222 — 280 - يىللاردا توخرى تىلىدىن خەنزۇچىغا
تەرجىمە قىلىنغان. (رەڭلىك 115 - رەسىمگە قاراڭ)

بىر چىپار بۇغا بار ئىدى. ئۇنىڭ تۈكلىرى كىشىگە
بىردەم ئۇنداق، يەنە بىردەم بۇنداق رەڭدە كۆرۈنەتتى،
ئۇنىڭ كىشىگە چېلىقىدىغان رەڭلىرى جەمى 9 خىل ئىدى.
بىر كۈنى ئۇ گاڭگا دەرياسى بويىدا ئوتلاۋاتقاندا، بىر
ئادەمنىڭ دەريا سۈيىدە ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە،
دەرھال سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئېقىپ كەلگەن ئادەمنى
دولىسىگە ئارتىپ قىرغاققا ئېلىپ چىقتى.

www.uyghurkitap.com

خەتەردىن قۇتۇلغان ئادەم ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتتى ۋە ئۆزىدىن قانداق ۋاپا تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى سورىدى.

— ئېسىڭىزدە تۇتۇڭكى، مېنىڭ ئەھۋالىمنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرمەڭ، — دېدى چىپار بۇغا، — چۈنكى مېنىڭ تېرەم چىرايلىق، گۆشۈم تاتلىق، مۈڭگۈزۈم ئەتىۋا. ئەپسى يامان ئادەملەر ئاڭلاپ قالسا، ماڭا قەس قىلىدۇ.

— دېگىنىڭىزنى چوقۇم بەجا كەلتۈرىمەن، — دېدى قۇتقۇزۇلغان ئادەم.

بىر كۈنى خانىش چۈشىدە بىر چىپار بۇغىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ تېرىسىدە كىيىم قىلدۇرماقچى بولدى. خان بۇ ئىش توغرىلىق ئەلگە: «كىم چىپار بۇغىنى تۇتۇپ كەلسە، ئۆي-زېمىن ۋە گۈزەل قىز ئىنئام بېرىلىدۇ» دەپ جاكالىدى.

قۇتقۇزۇلغان ئادەم «كەلگۈسى ئۈچۈن ساۋاپلىق» قىلىشنى ئويلىماي، بۇ دۇنيادا پۇل-مال تېپىپ راھەتتە ئۆتۈشكە بەل باغلىدى. ئۇ خاننى چىپار بۇغا بار جايغا باشلاپ باردى. چىپار بۇغا ياشايدىغان ئورۇننى قولى بىلەن كۆرسەتكەندە، ئۇنىڭ بىر قولى خۇددى ئىتتىك قىلىچ بىلەن كېسىپ تاشلانغاندەك مۈرىسىدىن ئاجراپ يەرگە چۈشتى. خان بۇ ئەھۋال ئارقىلىق بۇغىنىڭ تەڭرى ئىكەنلىكىنى پەملىدى ۋە بۇغىغا تەڭلىگەن ئوقنى دەرھال بۇراپ ئادەمگە قارىتىپ ئاتماقچى بولدى. بۇ چاغدا چىپار بۇغا ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى ۋە: «بۇنداق ۋاپاسىز ئادەمنى جازالاپ ئاۋارە بولماڭ، قانداق تەلەپ بولسا ماڭا قويۇڭ» دېدى.



خان بۇنىڭدىن تېخىمۇ چوڭ تەسىر ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇغىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمەسلىك توغرىسىدا پۈتۈن ئەلگە يارلىق چۈشۈردى.

## 33. مايمۇنلارنىڭ خانغا ياردەملىشىپ خانىشنى ئىزدىشى

بۇ «پارامىتا سۇترا» ناملىق ئازاپتىن قۇتۇلۇپ قىرغاققا چىقىش توغرىسىدا سۆزلىنىدىغان بۇددا كالامىدىكى بىر چۆچەك. ئۇ مىلادى 252-يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. (رەڭلىك 116-رەسىمگە قاراڭ)

بىر خان بار ئىدى. ئۇ ئادالەتپەرۋەر كىشى ئىدى، خەلق ئۇنىڭدىن رازى ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ تاغىسى زالىم قارا نىيەت خان ئىدى. ئۇ باشقا ئەلدە خانلىق قىلاتتى ۋە پات-پات بۇ ئەلگە ھۇجۇم قىلىپ پاراكەندىچىلىك سالاتتى.

بىر كۈنى تاغىسى يەنە ھۇجۇم قىلدى. ئادالەتپەرۋەر خان بۇ ئۇرۇشتا ھەر ئىككى تەرەپتىن كۆپ ئادەم يارىلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇرۇش قىلماسلىق ئۈچۈن ئۆزى خانلىقنى تاشلاپ، خانىش بىلەن بىللە ئورمانلىققا كىرىپ كەتتى.

ئورمانلىقتا بىر مەزگىل تىنچ ئۆتتى. بىر كۈنى خان سىرتقا مېۋە تەرگىلى كەتكەندە (بەزى كىتابلاردا، خان بىلەن خانىش كۆلدە يۇيۇنۇۋاتقاندا، دېيىلىدۇ) دېڭىزدىكى ئەجدىھا نىيىتىنى بۇزۇپ كېلىپ خانىشنى ئېلىپ قاچتى.

خان ئوقيارنى قولىغا ئېلىپ خانىشنى ئىزدەپ ماڭدى.

بىر سۈزۈك بۇلاق بويىغا كەلگەندە، ئۇ يەردە يىغلاپ-داتلىنىپ ئولتۇرغان بىر مايمۇننى كۆردى. بۇ مايمۇننىڭ تاغىسى بوزەك قىلىپ پۇخرالىرىنى پۈتۈنلەي زورلۇق بىلەن تارتىۋالغان ئىدى. خانمۇ ئۇنىڭغا دەردىنى ئېيتتى. خان مايمۇنغا ياردەم بېرىپ پۇخرالىرىنى قايتۇرۇپ كەلدى. مايمۇنلار خانغا ياردەملىشىپ خانىشنى ئىزدەشتى.

ئەتراپتىكى جايلارنىڭ ھەممىسىنى چارلاشتى. ئاخىر بىر قۇش ئەھۋالنى ئېيتتى. ئەجدىھا خانىشنى دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئارالغا قاماپ قويغان ئىكەن.

مايمۇنلار دېڭىز بويىغا كەلدى، لېكىن بۇنداق بىپايان دېڭىزدىن قانداق ئۆتۈش كېرەك؟ بىر قوتۇر مايمۇن ئەقىل كۆرسەتتى. مايمۇنلار ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈپ، ھەربىر مايمۇن بىردىن تاش ئەكىلىپ دېڭىزغا تاشلىدى... دېڭىزدا يول ياسالدى. دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارال مۇھاسىرىگە ئېلىندى.

ئەجدىھا سېھىرگەرلىك قىلدى: ئالەمنى ئاچچىق گاز قاپلىدى، مايمۇنلار ماغدۇرسىزلاندى. يەنە ھېلىقى قوتۇر مايمۇن يېنىدىكى «پىرىشتە دورىسى» نى چىقىرىپ مايمۇنلارغا پۈرۈتۈپ قويغان ئىدى، مايمۇنلار ۋە خان ھەممەيلەن بىردىن ئەپشەپ قايتىدىن مادارلاندى.

ئەجدىھا يەنە سېھىرگەرلىك قىلدى: ئالەمنى بۇلۇت قاپلاپ، چاقماق چېقىلىپ يامغۇر ياغدى...

— ئەمدى ئوقنى ئاتسىلا، — دېدى خانغا قوتۇر مايمۇن. خان ئوق ئاتتى، ئەجدىھا يارىلىنىپ دېڭىزغا چۈشتى. مايمۇنلار ئارالدىكى ئەجدىھا دەرۋازىسىنى ئېچىپ خانىشنى قۇتقۇزۇپ چىقتى.



بۇ چاغدا خاننىڭ تاغىسى ئۆلدى. ئىككى ئەلنىڭ خەلقى پۈتۈنلەي خانغا قاراشلىق بولدى. ئەلدە جاھالەت تۈگەپ، قايتىدىن سائادەت باشلاندى.

— ئايال كىشى ئېرىدىن بىر كۈن ئايرىلىپ قالسا گۇمان تۇغۇلىدۇ، — دېدى خان خانىشقا، — سەن ئەجدىھانىڭ دەرگاھىدا 10 نەچچە كۈن تۇردۇڭ. كونا قائىدە بويىچە، سەن ئاناڭنىڭ ئۆيىگە كەتكىن.

— مەن، — دېدى خانىش، — پاتقاقتىن ئۈنۈپ چىققان، لېكىن بەدىنىگە پاتقاق يۇقتۇرمىغان نىلۇپەر گۈلدەك پاك! ئەگەر گېپىم راست بولسا، يەر يېرىلسۇن!

يەردىن بىر يوچۇق پەيدا بولدى، خان ئۇنىڭ پاكلىقىغا ئىشەندى.

## 34. دېڭىزنىڭ سۈيىنى چىقىرىپ تاشلاپ گۆھەر سۈزۈش

بۇ «بۇددا جارىتا سۇترا» ناملىق بۇددانىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ھېكايە قىلىنىدىغان بۇددىزىم كىتاۋىدىكى بىر چۆچەك. ئۇ مىلادى 587-يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. (رەڭلىك 117-رەسىمگە قاراڭ)

شاھزادە كىچىكىدىن تارتىپلا «پۈتۈن ئالەمگە سەدىقە ياغدۇرۇپ، بارچە جانلىقنى راھەت-پاراغەتكە ئىگە قىلىمەن» دەپ قەسەم قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئاتىسى ئۇنىڭغا: «مېنىڭ دۇنيارىم ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، دېڭىزدىن 7 خىل گۆھەرنى تېپىپ كەلمىگىچە، بارچە جانلىقنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغىلى بولمايدۇ» دېگەن ئىدى.

شاھزادە دېڭىزغا ماڭدى، مىڭ مۇشەققەتتە 7 خىل گۆھەرنى تاپتى. ئۇنى باشقا كىشىلەرگە تۇتقۇزۇپ ئوردىسىغا ئەۋەتتى، ئۆزى بولسا دېڭىزدا داۋاملىق ئىچكىرىلەپ ماڭدى. ئۇ ئەجدىھا خاننىڭ ئوردىسىغا كەلدى. شاھزادىنىڭ گۆھەر ئىزدەش روھى ئۇنى تەسىرلەندۇرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىدىكى ئاي گۆھەرنىمۇ بەردى. بۇ گۆھەر 20 چاقىرىم جايدىكى گۆھەرلەرنىڭ ھەممىسنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ ماڭالايتتى.

شاھزادە دېڭىزدا كۈمۈش شەھەر، ئالتۇن شەھەر، خروستال شەھەر، ئەينەك شەھەر دىگەن مەشھۇر مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆردى ۋە ھەر بىرىدىن بىردىن جەمى 4 دانە ئاي گۆھەر ئېلىپ كەلدى.

دېڭىزدا گۆھەر كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇلاردەك قىممەتلىكلىرى يوق بولغانلىقى ئۈچۈن دېڭىز ئىلاھلىرى ئۇنىڭ قۇرۇقلۇققا ئېلىپ چىقىپ كېتىلىشىگە رازى بولۇشتى.

شاھزادە قىرغاققا چىقىپ بولغاندا دېڭىز ئىلاھلىرىدىن بىرى ئادەم سىياقىغا كىرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. گۆھەرلەرنى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. شاھزادە گۆھەرلەرنى كۆرسەتكەندە، گۆھەرلەر تۇساتتىن ھەممىسى سۇغا چۈشۈپ كەتتى.

شاھزادە گۆھەرلەرنى دېڭىزدىن سۈزۈۋېلىشقا بەل باغلىدى. ئۇ مۇنداق ئويلىدى: مەن سان - ساناقسىز قېتىم دۇنياغا كەلدىم، بۇرۇنقى سۆڭەكلىرىم دۆۋىلەنسە سومېر تاغدەك بولىدۇ. ئاققان قانلىرىم يىغىلسا تۆت دېڭىز بولىدۇ، مەن ئاشۇنداق كۆپ قان - سۆڭەكلەردىن تۆرەلگەن، ئىرادەممۇ ئەلۋەتتە شۇنچىلىك بار. ئەمدى مۇشۇ بىر دېڭىزنىڭ



سۈيىنى چىقىرىپ بولالماسمەنمۇ؟!...

شاھزادە قولىغا بىر تاۋاق ئېلىپ دېڭىزنىڭ سۈيىنى چىقىرىشقا باشلىدى. 14 - كۈنى تەڭرىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ ياردەم بەردى. دېڭىز سۈيىنىڭ 2/3 قىسمى چىقىرىلىپ بولدى. دېڭىز ئىلاھلىرى بۇ ئىشنىڭ ئۆزلىرىگە كەلتۈرىدىغان ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ ئاي گۆھەرلەرنى قايتۇرۇپ بەردى. شاھزادە پۈتۈن ئالەمگە سەدىقە قىلىشقا باشلىدى. بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا بارچە جانلىقلار راھەت - پاراغەتكە ئېرىشتى.

### 35. سېخى شاھزادە

بۇ «كىشاماكارا بودساتىۋا سۇترا» ناملىق بودساتىۋالارنىڭ يارالمىشى ھەققىدە سۆزلىنىدىغان بۇددىزىم كىتاۋىدىكى بىر چۆچەك. ئۇ مىلادى 222 — 280 - يىللاردا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. (رەڭلىك 118 — 122 - رەسىملەرگە قاراڭ)

شىۋا ئىسىملىك بىر خان بار ئىدى. ئۇ ئەلنى بۇددىزىم قانۇنى بويىچە باشقۇرغاچقا، دۆلەت باي، خەلق باياشات ئىدى. ئۇنىڭ شاھزادىسى كىچىكىدىن تارتىپلا سەدىقە - ساخاۋەت قىلىشقا ئامراق ئىدى. ئۇنى خەلق ياخشى كۆرەتتى.

شاھزادە بىر كۈنى سەيلىگە چىقتى. تەڭرىلەر قەلەندەر، قارغۇ، گاس، گاچا ئادەملەر قىياپىتىگە كىرىپ ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرۇپ خىلمۇ - خىل تەلەپ - ئارزۇلىرىنى

ئوتتۇرىغا قويدى.

- شاھزادە سەيلىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خاندىن رۇخسەت ئېلىپ كەڭ - كوۋلەمدە سەدىقە قىلىشقا باشلىدى.

دۈشمەن ئەلدىن بىر براھمان كېلىپ، بۇ ئەلنىڭ ئەتىۋالىق مۈلكى — جەڭگە كىرىشتە داڭ چىقارغان ئاق پىلنى تىلىدى. شاھزادە پىلغا ئالتۇن ئىگەر توقۇپ، ئۇنى ئۇنىڭ قولى بىلەن سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتتى. خان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھوشىدىن كەتتى. ۋەزىرلەر شاھزادىنى جازالاشنى تەلەپ قىلدى. شاھزادە قەندىھار دىگەن جايدىكى بىر تاققا 12 يىللىق پالاندى. مە..كىمۇ بالىسىنى ئېلىپ شاھزادىگە ئەگىشىپ بىللە ماڭدى.

ئۇلار شەھەر سېپىلىدىن چىقىپ بولغىچە ئۇرغۇن نەرسىلىرىنى سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتتى. ئۇلار قالغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. مەلىكە ئىككى بالىسى بىلەن ھارۋىدا ئولتۇردى، شاھزادە ئۆزى بىر ئارغىماققا مىنىپ ماڭدى.

يولدا بىر براھمان شاھزادىدىن ئارغىماقنى تىلىدى. ئۇنى سەدىقە قىلىپ بەردى...ھارۋىدىكى ئاتنىمۇ سەدىقە قىلىپ بەردى...ئاخىر ئۇلار يولدا پىيادە ماڭدى. ئۇستىدىكى يەكتەكنى...ئىشتىنىنى...سەدىقە قىلدى. ئومۇمەن، كىم نىمىنى تىلىسە، شۇنى سەدىقە قىلىپ بەردى.

ئۇلار تاققا يېتىپ بېرىپ ئىستىقامەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار تۇرغان جايغا يەنە بىر براھمان كەلدى. ئۇ: «مېنىڭ خوتۇنۇمغا بىر مالاي كېرەك بولۇپ قالغان ئىدى. باللىرىڭىزنى مالايلىققا بەرسىڭىز» دەپ تەلەپ قويدى. شاھزادە ئۇنىمۇ سەدىقە قىلدى. لېكىن باللىرى: «بىز بولساق خان



ئەۋلادى، قۇل - دىدەك بولمايمىز» دەپ ئۇنىمىدى. شاھزادە ئۇلارنىڭ قولىنى سۇ بىلەن يۇيۇپ، ئاندىن ئاغامچا بىلەن باغلاپ براھمانغا تۇتقۇزدى.

مەلىكە باللىرىنىڭ ئىچ ئاغرىغىدا ئېلىشىپ قالدى. بىر كۈنى يەنە بىر براھمان كېلىپ مەلىكىنى سەدىقە قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىمۇ شۇنداق قىلىپ براھمانغا تۇتقۇزدى. لېكىن براھمان مەلىكىنى باشلاپ 7 قەدەم ماڭغاندىن كېيىن يەنە قايتىپ كېلىپ، شاھزادىگە: بۇنىڭدىن كېيىن خوتۇنىڭىزنى سەدىقە قىلماڭ» دەپ مەلىكىنى قايتۇرۇپ بەردى...

## 36. خاننىڭ دەۋا سورىشى

بۇ «داماموكى نىدانا سۇترا» نامىلىق ئاقىللىق ۋە ئەخمەقلىق ھەققىدە سۆزلىنىدىغان بۇددا كالامىدىكى بىر چۆچەك. ئۇ مىلادى 445 - يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان.

كوشالا دۆلىتىنىڭ ۋەزىرى سۇداتتا بۇددا راھىپلىرىغا ساراي سالدۇرۇپ بەرگەن زاماندا بىر راھىپ بار ئىدى. ئۇ يوقسۇل بولغاچقا، كۆپ ئىشلاردا خوتۇنىنىڭ تاپا - تەنىسىگە قېلىپ كۆڭلى ئارامىدا بولالمايتتى.

كۈز كىردى. براھماننىڭ زىرائەتلىرى پىشتى. خامان تېپىش ئۈچۈن خوشنىسىدىن كالا سوراپ كەلدى، ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، كالىنى ھەيدەپ خوشنىسىغا قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ماڭدى. براھمان كالىنى ئىگىسىنىڭ ئالدىدا قالدۇرۇپ قايتىپ كەلدى. «كالىنى ئىشلىتىپ بولدۇم، ھازىر ئۆزلىرىگە قايتۇرۇپ بەردىم» دىگەن سۆزنى قىلمىغان-



1·24



123· (110 - غار)



لمىغى ئۈچۈن، خوشنىسى كالا بىلەن كارى بولمىغان ئىدى. كالا سىرتقا چىقىپ يوقاپ كەتتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، خوشنىسى كالىنى سوراپ كەلدى. براھمان «قايتۇرۇپ بەردىمغۇ» دېدى. ئۇلار تاكاللاشتى ۋە بۇ دەۋانى ئايرىش ئۈچۈن، خوشنىسى براھماننى خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى.

يولدا بىر ئات ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. خاننىڭ ئات باققۇچىسى براھمانغا: «ئاتنى تۇسۇۋال» دەپ ۋاقىرىدى. براھمان دەرھال يەرگە ئېڭىشتى ۋە قولىغا بىر تاشنى ئېلىپ ئاتقا قارىتىپ ئاتتى. تاش ئاتنىڭ پۇتىغا تەگدى، ئاتنىڭ پۇتى سۇندى. ئات باققۇچى «بۇ خاننىڭ ئېتى، سەن پۇتىنى سۇندۇرۇپ قويدۇڭ، تۆلەيسەن» دەپ تۇرۇۋالدى ۋە خاننىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىش ئۈچۈن ماڭدى.

ئىككى دەۋاگەر براھماننى خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى. يولدا بىر ئۆستەڭدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ئۆستەڭ چوڭقۇر، سۈيى ئۇلۇق ئىدى. بۇ چاغدا بىر ئادەم پالتىسىنى ئاغزىدا چىشلەپ سۇدىن ئۆتۈۋاتاتتى. براھمان ئۇنىڭدىن «كېچىك مۇشۇمۇ؟» دەپ سورىدى. ئۇ كىشى براھمانغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن ئاغزىنى مىدىرلاتقان ئىدى. ئاغزىدىكى پالتا سۇغا چۈشۈپ چۆكۈپ كەتتى. بۇ كىشىمۇ براھمانغا «پالتامنى تۆلە!» دەپ تۇرۇۋالدى ۋە خانغا ئەرز قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى.

ئۈچ دەۋاگەر براھماننى ئېلىپ بىر ھازا يول ماڭغاندىن كېيىن قوساقلىرى ئاچتى. ئۇلار يولدىكى بىر ئاشپۇزۇلغا كىردى. خوجايىن ئايال بۇ ئۈچ دەۋاگەردىن ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، براھمانغا ئىچ ئاغرىتىپ ئىككى

سەرمەي بەردى. براھمان بۇ ئىلتىپاتتىقا خوشال بولۇپ كەتتى-دە، مەينى كۆتىرىپ بېرىپ بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. خوجايىن ئايال بۇ ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە بىر بوۋاقنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆرپە سېلىپ قويغان ئىدى. براھمان ئۇنىڭ ئۈستىدە قاتتىق ئولتۇرغانلىقتىن، بوۋاق بۇنداق ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئۇجۇقۇپ قالدى. خوجايىن ئايال «بالامنى تۆلە» دەپ تۇرۇۋالدى ۋە بۇنى خانغا ئەرز قىلىش ئۈچۈن ئۇمۇ بىللە ماڭدى.

براھمان يولدا كېتىۋېتىپ، بۇنچىۋالا دەۋاگەردىن قانداقمۇ قۇتۇلغىلى بولار، دەپ ئويلىدى ۋە ئويلىغانسېرى ئەندىشىگە چۈشتى. ئۇلار بىر تامنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، براھمان چەبدەسلىك بىلەن تامدىن ئارتىلىپ قاچتى. ئۇ تامدىن سەكرەپ چۈشكەندە، تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە تامغا يۆلىنىپ يىپ ئىگىرىپ ئولتۇرغان بىر بوۋاي دەسسىلىپ ئۆلدى. بوۋاينىڭ ئوغلى براھماننى تۇتۇۋالدى. خانغا ئەرز قىلىدىغان دەۋاگەر 5 بولدى.

ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا ئالدىغا بىر يىلان ئۇچرىدى. ئۇ براھمانغا: «ئەتىگەندە ئۇۋامدىن چىققاندا بەدەنلىرىم يېنىك، ئەتلىرىم يۇمشاق، لېكىن كەچتە قايتىپ كەلگەندە ھەممە يېرىم ئاغرىيدۇ، ئەتلىرىم قاتتىق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ نىمە ئۈچۈن؟ بۇنى خاندىن سورىغاچ كەلگىن» دەپ تاپشۇردى.

يولدا يەنە بىر چوكان ئۇچرىدى ۋە براھمانغا: «قېيىن ئانامنىڭ ئۆيىدە تۇرىۋەرسەم ئانامنىڭ ئۆيىنى سېغىنىمەن، ئانامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىر نەچچە كۈن تۇرسام



قېيىن ئانامنىڭ ئۆيىنى سېغىنىمەن، بۇ نىمە ئۈچۈن؟ خاندىن سورىغاچ كەلگىن» دەپ تاپشۇردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، يولدا بىر كاككۇك ئۇچرىدى، ئۇمۇ براھمانغا: «مەلۇم بىر تۈپ دەرەختكە چىقىپ سايرىسام ئاۋازىم جاراڭلايدۇ، لېكىن باشقا دەرەختكە چىقىپ سايرىسام ئۈنۈم جاراڭلىمايدۇ، بۇ نىمە ئۈچۈن؟ خاندىن سورىغاچ كەلگىن» دەپ تاپشۇردى.

دەۋاگەرلەر خانغا بىر-بىرلەپ ئەرز بايان قىلىشتى. خان ھەممىسىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن براھماننىڭ ئىزھارىنى ئاڭلىدى ۋە بىر-بىرلەپ ھۆكۈم چىقاردى.

— مەن يوقسۇل ئىدىم، — دەپ ئىزھارىنى باشلىدى براھمان، — كالا ئالغۇدەك پۇلۇم يوق، خوشنام ياخشى ئادەم ئىدى. ئۇنىڭدىن كالا تىلەپ خامان تېپىۋالدىم. كالىسىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئاپارغاندا، خوتۇنۇمنىڭ تاپا-تەنىسىدە بېشىم گاڭگىراپ قېلىپ «كالىنى قايتۇرۇپ بەردىم» دېگەن سۆزنى كەم قىلغىنىم راست. بىراق مەن كالىنى ئاپىرىپ بەرگەندە خوشنام ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن.

— ھەر ئىككىڭلاردا كەمچىلىك بار، — دەپ ھۆكۈم قىلدى خان، — براھمان بىر ئېغىز سۆزنى كەم قىلغانلىقى ئۈچۈن تىلىنى كېسىشكە تېگىشلىك. خوشنىسى كالىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قوتانغا سولاپ ئالمىغانلىقى ئۈچۈن كۆزىنى ئويۇشقا تېگىشلىك.

— بولدى، كالىدىن كەچتىم، — دېدى خوشنىسى، — كۆزۈم ساق قالسۇن.

بىرىنچى دەۋا ئاياقلاشتى. ئىككىنچى دەۋا سورالدى.

www.uyghurkitap.com

— ئات باققۇچى دېدى، — براھمان، — ئاتنى توسۇۋال دېگەن ئىدى، مەن ئۆزەمنىڭ ھايۋانلارنى توسۇشتا ئادەتلەنگەن ئۇسۇلۇم بويىچە قولۇمغا تاش ئېلىپ ئالدىغا ئاتتىم، شۇ ئارقىلىق ئاتنى قورقۇتۇپ توختىتىۋالماقچى بولدۇم، لېكىن تاش ئاتنىڭ پۇتىغا تەگدى. ئاتنىڭ سۈرئىتى ئىتتىك بولغانلىقى ئۈچۈن تاشنىڭ زەربىسى تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىپ، شۇنىڭ بىلەن ئاتنىڭ پۇتى سۇندى. بۇ قەستەن بولغان ئەمەس.

ھۆكۈم: خاننىڭ ئېتىغا تاش ئاتقان كىشىنىڭ قولىنى كېسىشكە تېگىشلىك، بۇ ۋەقەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان «ئاتنى توسىۋال» دېگەن سۆز بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ سۆزنى قىلغۇچى كىشىنىڭ تىلىنى كېسىش كېرەك.

— ئاتنى ئۆزەم تۆلەپ بېرەي، — دېدى ئات باققۇچى — تىلىم ساق قالسۇن.

ئەمدى ئۈچىنچى دەۋا سورالدى.

مەن بۇ ياغاچچى كىشىدىن پەقەت كېچىكىنىڭ نەدىلىگىنى سورىدىم، باشقا نىيەتتە بولغىنىم يوق.

ھۆكۈم: قىممەت باھالىق پالتىنىڭ يۈتۈپ كېتىشىگە سوئال سەۋەبچى بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن سوئال سورىغۇچىنىڭ تىلىنى كېسىشكە تېگىشلىك. بىراق پالتا دېگەن قولدا تۇتىدىغان نەرسە ئىدى، ئۇنى چىشىغا چىشلىتىپ قويغان ئىكەن، چىشى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلالمىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن ياغاچچىنىڭ چىشلىرىنى سۇغۇرۇپ تاشلاش كېرەك.

— مېنىڭ چىشلىرىم ساق قالسۇن، — دېدى ياغاچچى، — پالتىنى ئۆزەم باشقا ئامال قىلىپ سېتىۋالاي.

ئەمدى تۆتىنچى دەۋا سورالدى.



— مەن بىرنەچچە كىشى تەرىپىدىن يالاپ ئېلىپ مېڭىۋاتقان جاۋاپكار ئىدىم، — دېدى براھمان، — خوجايىن ئايال ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ مەي بەردى. خوشاللىقىمدا خۇدۇمنى يوقىتىپ ئورۇندۇقتا ئۆزەمنى تاشلاپتىمەن، ئۇنىڭدا ياتقۇزۇپ قويۇلغان بوۋاق ئۆلۈپ قالدى. بىراق مەندە ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتى يوق ئىدى.

ھۆكۈم: ئاشپۇزۇل دېگەن خېرىدارلار ئۈزۈلمەي كىرىپ-چىقىپ تۇرىدىغان جاي، بوۋاقنى خېرىدار ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقتا ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە كۆرپە يېپىپ قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس. خوجايىن ئايال يەنە بىر بوۋاق تۇغۇۋالغىچە براھمان ئۇنىڭغا ئەر بولسۇن.

— مەن بۇ دەۋادىن كەچتىم، — دېدى خوجايىن ئايال، — ھەرگىزمۇ براھمانغا خوتۇن بولمايمەن.

ئەمدى بەشىنچى دەۋا سورالدى.

— مەن يۇقىرىقى دەۋاگەرلەرنىڭ غەزەپكە تولغان چىرايىدىن قورقۇپ قېچىپ كەتمەكچى بولدۇم. بىراق بوۋاينى ئۆلتۈرۈپ قويۇش نىيىتىم يوق ئىدى.

ھۆكۈم: بالا دېگەن دادىنى تامنىڭ تۈۋىدە باقماي ئۆيدە بېقىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلمىغانلىقى ئۈچۈن كۈتۈلمىگەندە دادىدىن ئايرىلدى. براھمان ئۇنىڭغا دادا بولسۇن.

— مەن ھەرگىز براھماننى دادا قىلمايمەن، — دېدى دەۋاگەر بالا.

دەۋالارنىڭ ھەممىسى سورىلىپ بولدى. براھمان ئازات قىلىندى. دەل بۇ چاغدا باشقا ئىككى ئايال بالا دەۋاسى

قىلىپ كەلدى. ھەر ئىككىسى «بۇ بالا مېنىڭ بالام» دەيتتى.

خان ئۇلارغا: «بالىنى ئىككىڭلار چات ئارىسىدىن يىرىپ ئىككىگە بۆلۈپ ئېلىپ كېتىڭلار» دېدى. دەۋاگەر ئايالنىڭ بىرسى بۇ بالىنى بۇنداق قىلىشقا كۆڭلى قىيمىدى.

خان ھۆكۈم چىقاردى: بالىنى چات ئارىسىدىن يېرىشقا چىدىمىغان ئايال بالىنىڭ ئانىسى، يەنە بىرى ئۆكتەم.

بۇ دەۋا سورىلىپ بولغاندىن كېيىن، براھمان يولدا يىلان، چوكان، كاككۇكلارنىڭ تاپشۇرغان تاپشۇرۇقلىرىنى خانغا سۆزلەپ بەردى.

خان مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى: يىلان ئەتىگەندە ئۇۋىسىدىن چىققاندا كۆڭلىدە ئىچ پۇشۇغى يوق، بەدەنلىرى بەھۇزۇر تۇرغان. لېكىن بىر كۈن سىرتتا يۈرۈپ باشقا ھايۋانلار بىلەن بىر بىرىگە خىرىس قىلىشىپ، ئۆزىگە كۆپ ئىچ پۇشىغى تېپىۋالغان. شۇڭا بەدەنلىرى قاتتىق بولۇپ قالغان. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىن، يامان نىيەتتە بولمىسۇن! ئەمدى ھىلقى چوكانغا كېلەيلى، ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ خوشنىلىرى ئىچىدە ئاشنىسى بار، شۇڭلاشقا قېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغاندا ئانىسىنىڭ ئۆيىنى سېغىنىدۇ، ئۇ يەردە ئارزۇلىرى قېنىپ بولغاندا يەنە ئېرىنى سېغىنىپ قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىن، كۆڭلىنى توختاتسۇن!

ئەڭ ئاخىرىدا، خان براھمانغا مۇنداق دېدى: كاككۇك سايرىغاندا ئاۋازى جاراڭلىغان دەرەخنىڭ تېگىدە ئالتۇن بار. بۇ ئەسلىدە ماڭا تەئەللۇق ئىدى. سەن يوقسۇل ئىكەنسەن، بېرىپ ئۇنى كولاپ ئالغىن، خوتۇنۇڭنىڭ تاپا-تەنىسى توگەيدۇ.



## 37. دېڭىزغا كىرىپ گۆھەر ئىزدەش

بۇ «جاتاكا سۇترا» ناملىق بۇددانىڭ يارالمىشى ھەققىدە تەپسىر قىلىنىدىغان بۇددا كالامىدىكى بىر چۆچەك. ئۇ مىلادى 222 — 316 - يىللاردا خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان. (رەڭلىك 126 - رەسىمگە قاراڭ)

بۇ چۆچەك ساكيامۇنىنىڭ ئۆز تىلىدىن بايان قىلىنىدۇ: بۇرۇنقى كالىپ (سانسكرىتچە كالپا دەپ يېزىلىدۇ. ئاددى قىلىپ ئېزاھلىغاندا «دەۋر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) لاردا ئىنسانلار يوقسۇللۇق - غورىبەتچىلىككە قالغاندا، مەن ئۇلارنى قانداق قىلىپ باياشاتلىققا چىقىرىشنىڭ ئامالىنى ئويلىغان ئىدىم. شۇ زامانلاردا پەقەت دېڭىزغا بېرىپ گۆھەر تېپىپ كېلىشتىن ئۆزگە ياخشى ئامال يوق ئىدى. شۇڭلاشقا قولۇمغا «تاكىلاڭ» (كىچىك قول دۇمبىغى) ئېلىپ «ئەيھاناس» قىچقىرىپ گۆھەر ئىزدەشكە جۈرئەت قىلىدىغانلارنى توپلىدىم.



125. (114 - غار)

دېڭىزغا بېرىش خەتەرلىك، ئاتا - ئانا، خوتۇن - باللاردىن رازىلىق ئېلىپ ئاندىن جاننى تىكىپ قويۇپ ماڭىدىغان ئىش ئىدى...

قەيتىبى نىيەتكە كەلگەن ئادەملەردىن 500 كىشى يىغىلدى. كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ دېڭىزغا باردۇق. ئەجدىھا پادىشاسى بىزگە گۆھەرنى بەردى. لېكىن دېڭىزنىڭ پىر - مۇئەككەللىرى دېڭىزنىڭ بۇنداق ئەتىۋالىق نەرسىسىنى ئادىمىزاتقا بېرىشكە رازى بولۇشمىدى. بىز گۆدەرنى ئېلىپ قىرغاققا چىققاندا، بويىنۇمغا ئېسىۋالغان گۆھەر تۇساتتىن دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى.

بىز دېڭىز سۈيىنى لېيى كۆرۈنگىچە تارتىپ چىقىرىپ گۆھەرنى قايتىدىن سۈزۈۋېلىشقا بەل باغلىدۇق. ئاخىر دېڭىز ئىلاھلىرى بىزگە رەھىم قىلدى. گۆھەرنى ئېلىپ كەلدۇق. بىزنى ئەرشتىكى، زېمىندىكى بارلىق جانلىق تەبرىكلىدى. مەن شۇ ۋاقىتتا سەپەرگە چىققانلارنىڭ يولباشچىسى ئىدىم. شۇ ۋاقىتتا ماڭا ئەگەشكەن 500 سودىگەرنىڭ جېنى ھازىر ماڭا ئەگىشىۋاتقان 500 راھىپنىڭ تېنىدە تۇرماقتا....

## 38. جەڭگىۋار ئات بىلەن تۈگمەن چۆرۈش

بۇ «سۇترالاڭكارا شاستىر» ناملىق ماھايانا مەزھىپىنىڭ تەپسىر كالامىدىكى بىر چۆچەك بولۇپ، ئۇنى كۇچالىق مەشھۇر بۇددىزىم ئۇستازى، تەرجىمان كوماراجىۋا مىلادى 405 - يىلى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان. (رەڭلىك 127 - رەسىمگە قاراڭ)



خاننىڭ جەڭگىۋار ئاتلىرى ئاھايىتى خىل ئىدى. بىر كۈنى خوشنا ئەلنىڭ خانى بۇ ئەلگە ھۇجۇم قىلدى. خان چەۋەندازلارغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ چېگرىغا بېرىپ ھۇجۇمنى چېكىندۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن خوشنا ئەللەر بۇ ئەلنىڭ چەۋەندازلىرىدىن قورقۇپ ئىككىنچىلەپ ھۇجۇم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە خان: «بۇنچە كۆپ جەڭگىۋار ئاتلارنى بېقىش دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. ئەمدى ھېچكىم بىزگە ھۇجۇم قىلالمايدىغان بولدى. بۇنداق ئەھۋالدا ئاتلارنى بېقىۋەرمەي ئىشلىتىپ كۈچىدىن پايدىلىنىش كېرەك» دەپ ئويلىدى - دە، ئاتلارنى پۇخرالارغا تەقسىم قىلىپ بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. پۇخرالار جەڭگىۋار ئاتلارنى ئېلىپ كېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن تۈگمەن چۆردى.

بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەلۇم بىر خوشنا ئەلنىڭ خانى بۇ ئەلگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. خان ئالدىراپ - تېنەپ جەڭگىۋار ئاتلارنى پۇخرالارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋېلىپ، چەۋەنداز قوشۇنلارنى تەشكىللەپ ئۇرۇشقا ئاتلاندى. جەڭگىۋار ئاتلار ئۇزۇن يىللاپ تۈگمەن چۆرۈش جەريانىدا بىر ئورۇندا چۆگىلەپ مېڭىشقا ئادەتلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇرۇشتا چەۋەندازلار ھەرقانچە قامچىلىسىمۇ يەنىلا چۆگىلەش ئادىتىنى بىراقلا ئۆزگەرتەلمىدى. نەتىجىدە بۇ ئەلنىڭ چەۋەندازلىرى بۇ قېتىمقى جەڭدە تامامەن مەغلۇپ بولدى.

## بۇددىزم ئىمارەتچىلىكى ۋە ئۇنىڭدىكى بېزەكلەر

قىزىل مىڭئۆي چۆكمە جىنىسلاردىن ھاسىل بولغان تاغ ياردا ئۆلىرىدا تېشىپ قېزىپ چىقىلغان غارلاردۇر. ئۇنىڭ بەزىلىرى سوزۇنچاق كېمىر شەكلىدە، بەزىلىرى تۆت بۇرجەك ياكى يۇمۇلاق گۈمبەز، ياكى قەپەز شەكلىدە قېزىلغان. غارلار مەيلى قانداق شەكىلدە بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئاساسى قۇرۇلمىسىنى ئاددى سىزىق بىلەن ئىپادىلىگەندە Ω شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق قۇرۇلمىنىڭ ئېغىرلىق كۆتىرىش ئىقتىدارى يۇقۇرى، مۇستەھكەم بولۇپلا قالماي، بەلكى قىش پەسلىدە ئىسسىق، ياز پەسلىدە سالقىن بولىدىغان ئالاھىدىلىكى بار (رەڭلىك 128 — 136 - رەسىملەرگە قاراڭ). بۇنداق ئىمارەتچىلىك شەكلىنى دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىجات قىلغان ۋە ئىزچىل قوللىنىپ كېلىۋاتقانلىقى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە مەلۇم.

قىزىل مىڭئۆي غارلىرى بۇددىزم رەسىملىرى ۋە شۇ رەسىملەرنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ كۆرسىتىدىغان بىر مۇنچە زىننەت نۇسخىلىرى بىلەن بېزەلگەن (رەڭلىك 137 — 152 - رەسىملەرگە قاراڭ). غارلاردىكى زىننەت نۇسخىلىرى بۇددىزم رەسىملىرىدە يارىتىلغان ئوبرازلارنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىش، يەنى ئىجابى ئوبرازلارنىڭ «گۈزەللىكى» نى ۋە سەلبى ئوبرازلارنىڭ «قەبىھلىكى» نى تېخىمۇ



ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈشكە ياردەم بەرگەن.

غارلاردىكى زىننەت نۇسخىلىرى ئەينى زاماندا يەرلىك خەلقلەر ئۆزى ئىجات قىلغان ۋە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان شەكىللەر ئىدى. ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ئىسلام شارائىتىدىمۇ داۋاملىق قوللىنىلماقتا، بەزىلىرىنىڭ ئىسلاھ قىلىنغان شەكلى قوللىنىلماقتا.

غارلاردىكى بېزەك نۇسخىلىرى ئارقىلىق قەدىمقى كۇچا ئاھالىلىرىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى خىلمۇ - خىل گۈل - گىيالارنىڭ ئىچىدە قاندىغىنى «گۈزەل» دەپ ھېساپلايدىغانلىقى، رەڭ - بوياقلارنىڭ ئىچىدە قاندىغىنى گۈزەل ۋە ئىسسىق - يېقىملىق، قاندىغىنى گۈزەل ئەمەس ۋە سوغاق يېقىمسىز دەپ ھېساپلايدىغانلىقىنى، ئومۇمەن، ئۇلارنىڭ گۈزەللىكنى چۈشىنىش، ئىزھار قىلىش ھېسسىياتىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى مەدەنىيەت، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئەھۋالىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.



145. قەدىمقى ئۇستىلار غارلارنىڭ تېمىغا بىر قەۋەت سۇۋاق لايىنى تۇتقۇزۇش ئۈچۈن تاش تامنىڭ يۈزىگە نۇرغۇن تۆشۈك تەشكەن.

www.uyghurkitap.com



146. (64 - غار)



147. (64 - غار)



148. (67 - غار)





149. (67 - غار)



150. (65 - غار)



151. (207 - غار)



## خاتىمە

يۇقۇرقى باپلاردىكى مەزمۇنلار ئۇستىدە تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ:

قىزىل مىڭئۆي خارابىلىرىدىن سانسكرىت، توخرى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى (سوغدى يېزىقى ۋە براھمى يېزىقى ئاساسىدا تۈزۈپ چىقىلغان ئىككى خىل قەدىمقى ئۇيغۇرچە يېزىق) قاتارلىق بىرنەچچە خىل يېزىقتا يېزىلغان بۇددىزىم كىتاپلىرىنىڭ پارچىلىرى كۆپ تېپىلدى. تاملارغا سىزىلغان رەسىملەرنىڭ بەزىلىرىدە يۇقۇرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان يېزىقلاردا يېزىلغان بېغىشلىما - ئىزاھاتلارمۇ ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان. بۇ ئورۇندىن يۇقۇرىدا ئېيتىلغان يېزىقلارنىڭ تېپىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت قەدىمدا كۇچا رايونىدا بۇددىزىم تەرغىباتىدا شۇنداق يېزىقلار راۋان قوللىنىلغانلىقىنىلا ئىسپاتلايدۇ، لېكىن شۇ جايدىن تېپىلغان بۇددىزىم ئەسەرلىرىنىڭ يېزىق تۈرىگە ئاساسەن «ھۆكۈم» چىقىرىپ، قەدىمقى كۇچا ئاھالىلىرى شۇنداق تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ئىدى، دەپ بېكىتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن: جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىكى بۇددىزىم غارلىرىدىمۇ سانسكرىت يېزىقلىرى بار، لېكىن ئۇ رايونلاردا ئەزەلدىنلا سانسكرىت تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەر بولغان ئەمەس. يەنە مەسىلەن: ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان جايلارنىڭ ھەممىسىدە قەدىمقى ئەرەپ

www.uyghurkitap.com

تىلدا يېزىلغان «قۇرئان» ئوقۇلىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرەپ تىلدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەر ئەمەس. جۈملىدىن قەدىمدا كۇچا يادىكارلىقلىرىدا ئۇچرايدىغان يېزىقلارنىڭ قانداق تارىخىي شارائىتتا قوللىنىلغانلىقىنى چوقۇم كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك. ئەمەلىيەتتە بولسا سانسكرىت، توخرى يېزىقلىرىدا يېزىلغان بۇددىزىم ئەسەرلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى پەقەت شۇ يېزىقلارنىڭ ئەينى زامانلاردا بۇددىزىم تەرغىباتىدىلا قوللىنىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، خالاس.

بۇددىزىمنىڭ جۇڭگوغا تارقىلىش جەريانىنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، پاكىتلار مۇنداق: بۇددا دىنى مىلادىدىن ئىلگىرى 6 - ئەسىردە قەدىمقى ھىندىستاندا (ھازىرقى نېپالدا) پەيدا بولغان. مىلادىدىن ئىلگىرى 2 - ئەسىردە ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ رايونىدا ياشاپ كەلگەن توخرى ئاھالىلىرى ھازىرقى پاكىستاننىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا كۆچۈپ بېرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ئۇلار قەدىمقى جۇڭگولۇقلار ئىچىدىن تۇنجى بولۇپ بۇددا دىنى قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇددا دىنى مۇشۇ توخرىلار ئارقىلىق جۇڭگوغا تونۇشتۇرۇلۇشقا باشلىغان. كۇچا رايونىمۇ بىۋاستە مۇشۇ توخرىلار ئارقىلىق تارقالغان، ئەلۋەتتە. كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا «توخۇلا» دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللە ناملىرى ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن قارىغاندا، قەدىمدا كۇچا رايونىدا توخرى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ ئۆتكەن مەھەللىلەرمۇ بولغان. بىراق كۇچا رايونىدا بۇددىزىم تەرغىباتى ئۇيغۇر يېزىقى ۋاستە قىلىنىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئاندىن



بۇ رايوندا بۇددا دىنى كەڭ كۆلەمدە ئەۋج ئېلىپ يىلتىز تارتىشقا باشلىغان. چۈنكى كۇچا رايونىدا تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر ئەزەلدىن ئاساسى ئاھالە بولۇپ كەلگەن ئىدى.

بۇددا دىنى قەدىمقى كۇچا ئۇيغۇرلىرىغا قايسى يېزىق ئارقىلىق تارقالغانلىقىنى قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا ئىزچىل قوللىنىلىپ كەلگەن بىرمۇنچە بۇددىزىم ئاتالغۇلىرىنىڭ تىل مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئىسپاتلاش مۇمكىن. مەسىلەن: قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا سانسكرىتچە «نىرۋانا» دېگەن سۆز «نىرۋان»، «دىھارما» دېگەن سۆز «درام»، «ساڭگا» دېگەن سۆز «ساڭ»، «بۇددىھا» دېگەن سۆز «بۇد» دەپ يېزىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئېنىق مەلۇمكى، ئۇيغۇرچە بۇددىزىم ئاتالغۇلىرى سانسكرىت تىلىدىن ئەمەس، بەلكى بىۋاستە توخرى تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان.

مىلادىدىن ئىلگىرى كۇچا رايونىمۇ، غەربىي دىياردىكى باشقا قەدىمقى شەھەر دۆلەتلىرىگە ئوخشاش، ھون ھۆكۈمرانلىرىغا قارايتتى①. مىلادى 4 - 5 - ئەسىرلەردىن باشلاپ بۇ دائىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى يەپتاللار (ئاق تەنلىك ھونلار. بەزى كىتابلاردا بۇ قەدىمقى مىللەت نامى ئېپتالىتلار، يەنە بەزى كىتابلاردا ئابداللار، دەپ ئاتىلىدۇ) نىڭ قولىغا ئۆتتى②. مىلادى 6 - ئەسىردىن باشلاپ، ئۇلار تۈركلەرگە سەھنە بوشاتتى③. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كۇچا رايونى «غەربىي تۈرك» دەپ ئاتىلىدىغان ئەلنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنى مىلادى 8 - 9 - ئەسىرلەردىن باشلاپ كۇچا ئاھالىلىرى «كۇسەن ئۇيغۇرلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. شۇ زامان-

لاردا ئۇ يەردىكى توخرى تىلىدا سۆزلىشىدىغان بىر قىسىم خەلقلەر پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلىشىپ بولدى. تارىخى پاكىتلار ئاساسىدا شۇنداق بىر نۇقتىنى مۇئەييەن بېكىتىشكە بولىدۇكى، كۇچا رايونىدا مىلادىدىن ئىلگىرىكى خېلى ئۇزۇن تارىخى دەۋرلەردىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر تۈركى تىلدا ۋە بارا - بارا تامامەن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ھامان ئاساسىي خەلق بولۇپ كەلمەكتە. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، «ھون» دەپ ئاتالغان خەلقلەر دەل تۈركى تىللاردا سۆزلىشىدىغان خەلق ئىدى. توخرىلار بولسا ھونلارنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. يەپتاللارمۇ «ئىگىز ھارۋىلىق» دەپ ئاتالغان تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ بىر تارمىقى ئىدى. بۇ ئۇقۇملار ھازىر بۇ جەھەتتە بىرقەدەر ئەتراپلىق ئىزلەنگەن تىلشۇناس ۋە تارىخشۇناسلار ئىچىدە ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ.

مىلادى 7 - ئەسىردە تاڭ سۇلالىسىدىن راھىپ شۈەنجاڭ شىنجاڭ ئارقىلىق ھىندىستانغا بېرىپ، 17 يىل تۇرۇپ بۇددىزىم نەزەرىيىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئىچكى ئۆلكىلەرگە قايتىپ بېرىپ خەنزۇ مەدەنىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن جۇڭگوچە بۇددىزىم مەزھىپىنى تىكلىگەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۇچا رايونىغا سودا - مۇئامىلە بىلەن ياكى يېقىندىن زىمىن ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ياكى ھۆكۈمەت خىزمىتى مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگەن خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر پەقەت بۇ رايوندىن بۇددىزىم نەزەرىيىلىرىنى ئۆگىنىش ئورنىدا تۇرغان ئىدى، ھېچقاچان بۇددىزىمنى ئۆگىتىش ياكى بۇ جەھەتتە تەسىر كۆرسىتىش ئورنىدا تۇرغان ئەمەس. مىسال كەلتۈرەيلۇق: مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 - يىلى



ئۇلجى بولۇپ جۇڭگونىڭ خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلىرى ئىچىدە بۇددىزىمنى سۆزلەپ بەرگەن كىشى دەل توخرى تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن كېلىپ چىققان بۇددىزىم ئۇستازى ئىدى④. شۈەنجاڭدىن بۇرۇن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددىزىم ئەسەرلىرىنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ بۇددىزىم راھىپلىرى، بولۇپمۇ كۇماراجىۋاغا ئوخشاش كۇچالىق بۇددىزىم ئۇستازلىرىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلگەن. شۈەنجاڭ مىلادى 7 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىچكى ئۆلكىلەردە خەنزۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرگە ماسلاشقان جۇڭگوچە بۇددىزىم مەزھىپىنى تىكلىگەندىن كېيىن، ئاندىن بۇددىزىم كىتاپلىرىنى بىۋاستە سانسكرىتچەدىن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش ئىشى باشلاندى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن پەقەت كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى بۇددىزىملا ئىچكى ئۆلكىلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن.

قىزىل مىڭئۆي غارلىرىدىكى بۇددىزىم رەسىملىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكى يۇقۇرىدا ئەسلەپ ئۆتۈلگەن تارىخي بايانلار ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى شۇ رەسىملەرنىڭ ئۆزىدىكى روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىكلەر ئارقىلىقمۇ ئىسپاتلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىدە كەتمەن، ساپان قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنىڭ شەكلى بار. بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى ئىكەنلىكىگە ھېچكىم گۇمان قىلمايدۇ. بۇنداق سايمانلارنى قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۇيغۇرلار ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

رەسىملەردە يەنە تۇماق (ئۇچلۇق تۇماق)، بوغما

چاپان (ئۈستىگە باغلىغان بەلۋېغىمۇ بار)، ئايالچە گۈللۈك ئۇزۇن كۆينەك، دوپپا، چوڭ ياغلىق، بىلەيزۈك قاتارلىق كىيىم - كېچەك، ئاسقۇ - زۇننار تۈرلىرى بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ تىپىك كىيىم شەكىللىرى ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچلۈق تۇماق شىنجاڭدا 4000 يىلدىن بۇيان داۋاملىق كىيىلىۋاتقان باش كىيىم شەكلىدۇر.

ئوخشىمىغان دەۋرلەردە سىزىلغان رەسىملەر ئارقىلىق دەسلەپتە ئەۋج ئالغان بەدەن ھەركىتى S شەكلىگە ئوخشايدىغان مىللىي ئۇسۇلنىڭ بارا - بارا T شەكىللىك مىللىي ئۇسۇلغا ئۆزگەرتىلگەنلىكىنى ۋە شۇ ئاساستا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئۇسۇلى شەكىللەنگەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىنى سىزىش ئۈچۈن، ئاساسەن، قىزىل، كۆك، قارا ۋە ئاق بوياقلار (ياكى يۇقۇرقى بوياقلارنىڭ ئارىلاشتۇرۇلۇپ سۇس قىلىپ تەڭشەلگەن بىرىكمە نۇسخىلىرى) ئىشلىتىلگەن. بۇ بىرنەچچە خىل بوياق تۈرلىرى ئەزەلدىن تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ياخشى كۆرىدىغان رەڭلەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نامىنى تەڭرىنىڭ ئەركىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «كۆك تۈرك» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان؛ خانلىرىنى كۈچلۈك، باتۇر، ئۇلۇغ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «قاراخان» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان؛ ئۆزلىرى ياشاۋاتقان يۇرت - مەھەللە ۋە ئۇ يەردىكى تاغ - دەريالارنىڭ نامىنى گۈزەللىكنىڭ تاجىسى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «قىزىل» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان؛ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولماي-



دىغان ئىچىملىك سۇ ۋە يۇرتىنى كۆكەرتىپ تۇرغان دەريا - ئېقىنلارنىڭ مەنبەسى بولغان تەڭرىتاغنى يورۇقلۇق، پارلاق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «ئاق تاغ» دېگەن نام بىلەن ئاتىغان ئىدى.

قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرىدە ئۇچرايدىغان كىيىم - كېچەك شەكلى (ئۆرىمە ياقىلىق چاپان، بوغما ياقىلىق تون، بەلۋاق باغلاپ، پىچاق - چاقماق ئاسىدىغان ئۆرپ - ئادەت)، چاچ شەكلى (قىرقىلغان چېچى مۈرىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان ئەرچە چاچ شەكلى ۋە چېچىنى ھەرخىل شەكىلدە بانتىلىۋالىدىغان ئايالچە چاچ شەكلى) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كۇچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە چاچ شەكىللىرى ئىدى (مەسىلەن: كۇچالىق رەسسامنىڭ چاچ شەكلى دەل شۇنداق شەكىلدۇر). رەسىملەردىكى خان، خانىش، ۋەزىر، راھىپ، ساخاۋەتچى، ئىبادەت قىلغۇچىلارنىڭ ئوبرازىلا ئەمەس، ھەتتا قەدىمقى ھىندىستاندىكى بۇددىزم ئەۋلىياسى ساكيامۇنىنىڭ ئوبرازى ۋە تەڭرى - ئىلاھلارنىڭ ئوبرازىمۇ پۈتۈنلەي قەدىمقى كۇچا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئوبرازىغا (كىيىم - كېچەك شەكىللىرى ئىچىدە بۇددا دىنىغا خاس دىنىي كىيىم شەكىللىرىدىن باشقىلىرى) ئوخشىتىپ سىزىلغان.

كۇچالىق رەسسامنىڭ رەسىمىنىڭ تېگىدە «رەسسام تۇتۇق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سانسكرىتچە خەتلەر بار. سانسكرىتچە ھەرپلەر بىلەن «تۇتۇق» دېگەن سۆزنى ئۆز ئەينى تەلەپپۇز قىلىپ يازغان. ئۇ سانسكرىتچە سۆز ئەمەس، بەلكى قەدىمقى ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «بىلىملىك راھىپ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «ئاختا» دەپ تەبىر بېرىلگەن.



www.uyghurkitap.com

ئىسلام دىنى شارائىتىدا تېخى مۇسۇلمان بولمىغان بۇددا راھىبلىرىنى بۇنداق دەپ ئاتاش پاكىتقا ئۇيغۇن كېلەتتى. چۈنكى بۇددىزىم راھىبلىرى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولمايدىغان جىنسى نەپسىنى چەكلىگەن كىشىلەر ئىدى.

بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە پاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى يەن ۋېنرۇ ئەپەندى 1962 - يىلى «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ 7 - 8 - بىرلەشمە سانىدا ئېلان قىلغان «تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدا ساقلىنىپ قالغان بۇددىزىم غارلىرى» سەرلەۋھەلىك ئىلمىي ماقالىسىدا قىزىل مىڭئۆي غارلىرىنى ئارخېئولوگىيە جەھەتتىن تۆت دەۋرگە بۆلگەن. ئۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، بۇ كىتابچىغا كىرگۈزۈلگەن رەسىملەرگە ئالاقىدار غارلاردىن 17 -، 69 - غارلار 1 - دەۋر؛ 14 -، 38 -، 114 -، 175 -، 178 - غارلار 2 - دەۋر؛ 8 -، 34 -، 64 -، 80 -، 110 -، 163 -، 205 -، 207 -، 224 - غارلار 3 - دەۋر؛ 67 -، 116 -، 118 - غارلار 4 - دەۋرگە مەنسۇپ ئىدى. 77 -، 189 - غارلار بولسا بۇرۇن قېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن رەسىملەر كېيىن سىزىلغان غارلار ئىدى (بۇلارنىڭ دەۋرى تەخمىنەن 3 - دەۋرگە توغرا كېلىدۇ). يۇقۇرقى ئارخېئولوگىيىلىك دەۋرلەرنى تارىخىي دەۋرلەرگە توغرىلىغاندا، 1 - دەۋر شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرى (يەنى مىلادى 25 — 220 - يىللار) گە؛ 2 - دەۋر غەربىي ۋە شەرقىي جىن سۇلالىلىرى دەۋرى (يەنى مىلادى 265 - 420 - يىللار) گە؛ 3 - دەۋر جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلاردىن سۈي سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان دەۋر (يەنى مىلادى 420 — 618 - يىللار) گە، 4 - دەۋر تاڭ - سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرى (يەنى مىلادى 618 — 1376 - يىللار) گە



توغرا كېلىدۇ.

يەن ۋېنرۇ ئەپەندىنىڭ كۆزىتىشىچە، بىر بۆلۈك غارلار مىلادى 7 — 10 - ئەسىرلەردىلا بىكار قىلىنغان، لېكىن كۆپ سانلىقى غارلار كۇچاغا ئىسلام دىنى تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن، يەنى 10 - ئەسىردىن كېيىن بىكار قىلىنغان.

يەن ۋېنرۇ ئەپەندىنىڭ يۇقۇرقى مۇلاھىزىلىرى ھامان پەن جەھەتتە ئىسپاتلاندى. مەسىلەن: ئەينى ۋاقىتتا 1 - دەۋرگە ئايرىلغان 47 - غاردىن ئېلىنغان ئەۋرىشكىنىڭ $^{14}C$ تەجرىبىسى ئارقىلىق ئېنىقلاپ چىقىلغان يىل دەۋرى بۈگۈندىن 1970 ± 50 يىل بۇرۇن بولغان («مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلى 1984 - يىل 4 - سان، 94 - بەتكە قاراڭ). «جۇڭگو ئارخېئولوگىيىسى $^{14}C$ تەجرىبە نەتىجىلىرى توپلىمى» دېگەن كىتابنىڭ 153 - بېتىدە يەنە 63 - غارنىڭ يىل دەۋرى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدا بۈگۈندىن 1665 ± 90 يىل بۇرۇن دېيىلگەن.

كىتابخانلارنىڭ قىزىل مىڭئۆي توغرىسىدا ئەتراپلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن يۇقۇرقى مۇلاھىزىلەرنى قوشۇپ قويدۇم. بۇ يەردە يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇ كىتابچىغا يەنە بىر بۆلۈك رەسىملەر، بولۇپمۇ ئۇسۇل - مۇزىكا رەسىملىرى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىرگۈزۈلمەي قالدى، شۇڭلاشقا بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلىرىمنى كىرگۈزمىدىم. كەلگۈسىدە شارائىت يار بەرسە، ئۇنى تولۇقلاپ كېتىمەن ياكى ئايرىم ھالدا بىر مەخسۇس مەزمۇن قىلىپ ئېلان قىلىمەن.

ئەڭ ئاخىرىدا، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان مۇشۇ تەتقىقاتىم-

نىڭ تېز ئورۇنلىنىشى ۋە كەڭ كىتاپخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت ۋە تولۇق شارائىت يارىتىپ بەرگەن يولداشلارغا ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

1984 يىل 3 - ئاي، ئۈرۈمچى

ئىزاھات:

① «خەننامە. ھون تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)
② «ۋېينامە. غەربىي دىيار تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)
③ «جۇنامە. يات دىيارلار تەزكىرىسى» (خەنزۇچە)
④ «ئۈچ دۆلەت تەپسىراتى» 3 - جىلد (خەنزۇچە)



بۇ ئەسەردىكى رەسىملەرنى ئاپتور ئۆزى تارتقان ۋە توپلىغان


克孜尔千佛洞壁画故事 （维吾尔文）
编著：库尔班·外力
责任编辑：马木提·沙比提

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行 新疆新华印刷厂印刷
787×1092 毫米 32开本 4.375印张 24插页
1986年4月第1版 1987年4月第1次印刷
印数：1 —— 1,500

统一书号：M11098.163 定价：2.15元



书号: M11098·163

定价:　　2.15元